

بالتاسار گراسيان

# جاھاندارچىلىق رىسالىلىرى

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:  نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن



ISBN 978-7-105-07250-7

扫一扫获得更多资讯



بالتاسار گراسيان

# جاھاندارچىلىق رىسالىلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: **ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى**

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

# مۇندەرىجە


1 .ئاجىزلىقنى تەن ئېلىش ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشى يوشۇرۇش ئۈچۈندۇر ······ 1

2 .ئۆز قابىللىقىنى يوشۇرۇش ئەڭ زور قابىللىقتۇر ······ 5

3 .ھەر قاچان ئويلىمىغان يەردىن چىقىشنى ئۆگىنىڭ ······ 6

4 .ھەم شىر بول ھەم تۈلكە ······ 9

5 .ئىقتىدارىڭىز بىلەن خىزمەت ئورنىڭىز ماس كەلسۇن ······ 14

6 .دۈچ كەلگەن ئىككى قىيىنچىلىقنىڭ يېنىكىنى تاللاش لازىم ······ 15

7 .ئۆزىڭىزگە بويسۇنۇڭ ······ 16

8 .ھەر قانداق ئىشتا ئالدىن كۆرەلەيدىغان قابىلىيەت بولۇشى كېرەك ······ 18

9 .خاتىرجەم ۋاقتىڭىزدا خەۋپ-خەتەرنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ ······ 21

10 .بىتەرەپ ئورۇندا تۇرۇش ئەكسىچە تېخىمۇ ئاۋارىچىلىق ······ 23

11 .باشقىلارنىڭ سىزدىن ئەيمىنىشى ئۇلارنىڭ سىزنى قەدىرلىشىدىن بىخەتەردۇر ······ 27

12 .باشقىلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىڭ ······ 29

13 .تەقدىر ۋە تەبىئەت قەھرىمانىنى يارىتىدۇ ······ 31

14 .ئالىيجانابلىق ۋە يۈكسەكلىك ······ 37

15 .كەمچىلىكىڭىزنى كۆز-كۆز قىلماڭ ······ 38

16 .سۆھبەتلىشىشكىمۇ ئىلىم كېرەك ······ 40

17 .باشقىلارغا گەپ-سۆزدە تۇتامى يوق ئادەمكەن، دېگەن تەسىرنى بېرىپ قويماڭ ······ 43

18 .ئۆزىڭىزنىڭ قىزىقىشىنى بىلىۋېلىڭ ······ 44

19 .سېخىيلىق قوغلىشىش خەتەرلىكتۇر ······ 48

20 .ئىقتىسادچىللىق ئەڭ توغرا سېخىيلىقتۇر ······ 50

21. ئىسراپ قىلار بولسىڭىز باشقىلارنىڭ مۈلكىنى ئىسراپ قىلماڭ ........ 52
22. باشقىلارنىڭ سىزگە ئېھتىياجى چۈشسۈن ........ 53
23. «بىلىمەن» دېيىش ئەڭ بىلىمسىزلىكتۇر ........ 54
24. باشقىلارنىڭ سىزگە سەل قارىشى خەتەرلىكتۇر ........ 56
25. باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتۈشنىڭ يولى ........ 59
26. ئەڭ ياخشىسى باشقىلار بىلەن سىرداشماڭ ........ 62
27. ئۆزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلغان ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك ھەرىكەتلەر باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ ........ 66
28. زۆرۈرى ساغلام روھ ........ 69
29. ئېھتىياتچانلىق بىلەن سۆزلەش توختىماي ۋاتىلداشتىن مۇھىمدۇر ........ 71
30. ئىجتىمائىي ئالاقە سەنئىتى ........ 73
31. ھۇرۇنلۇق بايقىماق ئەڭ تەس خەتەردۇر ........ 76
32. باشقىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش، سۇيىقەستلەرنى تارمار قىلىشنىڭ كاپالىتىدۇر ........ 77
33. دۈشمىنىڭ ئارقىلىق ئۆزۈڭنى چۈشەن ........ 81
34. روھىي ھالىتىڭىز سالاھىيىتىڭىزگە ماس كەلسۇن ........ 82
35. ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئالغا بېسىڭ ........ 86
36. ياخشى نەمۇنە ئەڭ ياخشى يولباشچىدۇر ........ 88
37. قانداق قىلغاندا ھەقىقىي گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەم بولغىلى بولىدۇ؟... 90
38. كىشىلەرگە سەممىي تەسىر بېرىڭ ........ 92
39. نام-ئابروي بىخەتەرلىك ئېلىپ كېلىدۇ ........ 96
40. ھەرىكەت، مۇنازىرىدىن قايىل قىلارلىق بولىدۇ ........ 97
41. ئاجىزلىق، رەزىللىكتىنمۇ ناچار خاراكتېر ........ 101
42. قىلالايدىغان ئىش ،خىيال قىلىدىغان ئىشتىن چىقتۇر ........ 102
43. كۆزى ئىتتىك ،قولى گال ئادەم بولۇپ قالماڭ ........ 103

44. تەقدىرنىڭ كەلكۈنى تىزگىنسىز ئەمەس ...... 105
45. تەلەيىنى قانداق تونۇشنى بىلىۋېلىڭ ...... 107
46. شان ـ شەرەپ يۈرەكلىكلەرگە مەنسۇپ ...... 108
47. پۇرسەت بىزگە ئۆزىمىزنى تونۇتىدۇ ...... 112
48. تەقدىر باتۇرلارغا ئامراق ...... 113
49. ھەممە ئىشتا ئۆزىگە تايىنىش كېرەك ...... 114
50. قەھرىمان ھامان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى كونترول قىلىدۇ ...... 115
51. ئىقتىدارنى جايىغا ئىشلىتىش كېرەك ...... 118
52. ھەقىقىي ھۆكۈمران تەقدىر ۋە كەيپىياتتۇر ...... 120
53. ئۆزىڭىزدىن كۈچلۈك ئادەملەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەڭ ...... 122
54. مۇرەسسە قىلىش ئەڭ ناچار ئىشتۇر ...... 123
55. ھايات ۋە سۆيگۈ ھەققىدە ...... 125
56. سۆيگۈ يوقالسا ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئالاقىسى تۈگەيدۇ ...... 127
57. سۆيگۈنى تىلىگىلى بولمايدۇ ...... 128
58. مەڭگۈلۈككە ئىنتىلمەڭ ...... 129
59. سەۋەنلىكنى كەچۈرگىلى بولغان بىلەن، كۆزگە ئىلماسلىقنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ ...... 131
60. ئۆزىڭىزگە مۇكاپات ئىزدەڭ ...... 134
61. تەڭرى بىزنىڭ خاتالىقىمىزنى تۈزىمەيدۇ ...... 136
62. ئۇششاق سۆز كىشىلەر ئۇلۇغ ئىشلارغا يارىمايدۇ ...... 137
63. ئابرۇيپەرەسلىك ئادەمنى تېخىمۇ ياۋۇزلاشتۇرۇۋېتىدۇ ...... 140
64. ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ ئوخشاشلىقى ...... 142
65. ئەخلاق ھامان مەنپەئەت ئويۇنى ئىچىدە ئۆز كۈچىدىن قالىدۇ ...... 145
66. رەھىمدىللىقنىڭ چېكى بولۇشى كېرەك ...... 148
67. دۈشمەن ئالدىدا ئىككىلەنمەسلىك كېرەك ...... 150
68. باشقىلارنىڭ كەمچىلىكى توغرىسىدا يېنىكلىك بىلەن سۆزلەشتىن

ساقلىنىش ...... 153
69. چاقچاقنى ئويلاپ قىلىش ...... 155
70. باشقىلارنىڭ ھەم ئۆزىڭىزنىڭ ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ...... 156
71. ئۆزىڭىز ۋە باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىدىن غالىب كېلىش ...... 158
72. مەغرۇرلۇق قارىغۇلۇقنىڭ ئۇستازىدۇر ...... 163
73. ئۆزىنى سۆيۈش بىر نامەلۇم دۇنيادۇر ...... 165
74. تۇرمۇش مەلۇم نىشانغا يېقىنلاشتۇر ...... 170
75. قىزغىنلىق تىزگىنگە موھتاج ...... 171
76. ياردەم تىلەش سەنئىتى ...... 174
77. ئادەمنى تەتقىق قىلىش، كىتابلارنى تەتقىق قىلغاندىن زۆرۈردۇر ...... 176
78. ماختاش چەكتىن ئېشىپ كەتسە زىيانلىقتۇر ...... 177
79. ماختاشمۇ بىر خىل ئەقىل تەلەپ قىلىدىغان ھەرىكەتتۇر ...... 178
80. بويسۇنۇش تەسلىم بولۇشقا باراۋەر ئەمەس ...... 180
81. مۇتلەق ئىشىنىپ كەتمەك، مۇتلەق نەپرەتلىنىپمۇ ھەم ...... 186
82. مەنپەئەت بىر قىسىم كىشىلەرنى قارىغۇ قىلىپ قويسا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆزىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈۋېتىدۇ ...... 187
83. ۋاقىتنى قانداق كونترول قىلىشنى بىلىۋېلىش ...... 189
84. ئېرىشىش يولى ...... 196
85. باشقىلارنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش ...... 198
86. ھەقىقىي دوستقا ئىشىنىش ...... 199
87. ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنى ساراسىمىگە سالماڭ ...... 201
88. باتۇرلۇق ۋە قورقۇنچاقلىق ...... 203
89. نەپسىڭىزنى يېڭىش ...... 205
90. باشقىلارنىڭ خام-خىيالىدىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىش ...... 206
91. ئالىيجانابلىق ۋە پەسكەشلىك ...... 208

92.بىزنىڭ پارتلىشىمىز .................... 213
93.كۈچ ئىگى .................... 214
94.مۇھەببەت دېگەن نېمە؟ .................... 217
95.يىراقنى كۆرۈش .................... 221
96.چىغىر يولدىن ئۆتۈش .................... 222
97.نامراتلارنى ئىلھاملاندۇرۇش .................... 224
98.رەزىللىك .................... 225
99.ئەخمىقانە قەدىر-قىممەت .................... 226
100.چىرىكلىكنىڭ بېشارىتى .................... 227
101.كەمچىل بولۇۋاتقان ئالىيجاناب تۇرق .................... 233
102.خىزمەت ۋە بىكار تەلەپلىك .................... 235
103.ئازابقا بولغان تونۇش .................... 237
103.ئىرادە ۋە بويسۇنۇش .................... 240
105.ئاياللارنىڭ پاكلىقى ھەققىدە .................... 242
106.تۆت خاتالىق .................... 244
107.تاللانغان مىللەت .................... 245
108.ئۆزىگە ئىشىنىش .................... 246
109.ئىككى نەپەر بەختلىك ئادەم .................... 247
110.ھەرىكەت جەريانىدا تاشلىۋېتىش .................... 249
111.ئۆزىگە ئۆزى قىلىش .................... 251
112.ئازاب ئىچىدىكى ئەقىل-پاراسەت .................... 253
113.ئەر-ئاياللارنىڭ مۇھەببەتكە بولغان بىتەرەپلىمە قارىشى .................... 255
114.زاھىت شۇنداق دەيدۇ .................... 259
115.ماھىيەتنى ساقلاش .................... 261
116.ھەيرانلىقىمىز .................... 263
117.كەڭ قورساقلىق ۋە باشقىلار .................... 264
118.ئادەمنى ئالىيجاناب قىلىدىغان نەرسىلەر زادى نېمە؟ .................... 266

119 .ھۆرمەتلەشنى ئۆگىنىش ........ 268
120 .ئاممىنىڭ بىۋاسىتە سەزگۈسى ........ 270
121 ياخشى نىيەت ........ 271
122 .روھىي ساغلاملىق ........ 272
123 .چەكسىز نەزەر ........ 274
124 .ئۆلۈم ئۇقۇمى ........ 275
125 .دوستلار ........ 277
126 .ئۆزگەرمەس نام ـ ئابروي ........ 279
127 .سۇنغان نۇر ........ 281



## ئاجىزلىقنى تەن ئېلىش ئۆزىنى تېخىمۇ ياخشى يوشۇرۇش ئۈچۈندۇر

كۆپىنچە كىشىلەر ئېچىپ قويۇلغان كىتابقا ئوخشايدۇ، بىرلا كۆز يۈگۈرتۈپ ھەممە مەزمۇنىنى بىلىۋالالايسىز. دۆت ئادەملەر پۇرسەت تاپسىلا كۆڭلىدىكىنى ئاشكارىلىۋېتىدۇ، يەنە كېلىپ پىلانىدىن تارتىپ مۇددىئاسىغىچە ئاشكارىلىۋېتىدۇ. كەلگۈسى ھەققىدىكى پىلانى ۋە تەسىراتى ھەققىدە پاراڭلىشىش ئادەمنى بەكمۇ جەلپ قىلىدىغان تېما. شۇنداق چاغدا ئادەم ئىلاجى بار تىل ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، دېمەسكە تېگىشلىك ئىشلارنى ئاشكارىلاپ سېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بەزى كىشىلەر سەمىمىيلىك ۋە ئوچۇق-يورۇقلۇق باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان، ئۆزىنىڭ گۈزەل ماھىيىتىنى باشقىلارغا بىلدۈرىدىغان جەريان دەپ قارايدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئالدىنىشنىڭ دەردىنى تارتماي قالمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە سەمىمىيلىك بىر گال قورال. ئۇ جاننى قىيناشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. ھەتتا سەمىمىيلىكىڭىز باشقىلارنىڭ دۈشمەنلىكىنى قوزغىشى مۇمكىن. ئەڭ ياخشى ئۇسۇل سۆز قىلغاندا ئۇستىلىق ئىشلىتىپ، باشقىلارنى ئالداشنى خالايدىغان سۆزلەرنى دېيىش، ئۇلارنىڭ رەزىل ۋە سەت ماھىيىتىنى



ئېچىپ تاشلاشتىن ساقلىنىش لازىم. مۇھىمى ئۆز مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويۇش ئادەمنىڭ ياشاش مۇھىتىنى تارلاشتۇرۇۋېتىدۇ. باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىيالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىپ قالىسىز. مۇشۇنداق ئىشلارغا دىققەت قىلمىسىڭىز، سىز مەڭگۈ مەغلۇپ بولىسىز. ناۋادا سىز مۇكەممەل ئادەم بولۇش ئۈچۈن، باشقىلارغا ھېچقانداق ئاجىزلىقىڭىزنى سەزدۈرمىسىڭىز، بۇ ھەقتە سۆزلەشتىن قاچسىڭىز، باشقىلار سىزدىن تېخىمۇ ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭ سىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوق. ئەڭ ياخشى ئامال، قەستەن ئاجىزلىقىڭىزنى تەن ئېلىپ، قارشى تەرەپنى ئۈستۈن ئورۇندىمەن دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈشتۇر. ئەمما دىققەت قىلىشىڭىز كېرەككى، ھەرگىز ھەقىقىي ئاجىزلىقىڭىزنى ئاشكارىلاپ قويماڭ. بولمىسا قارشى تەرەپ ھۇجۇم قىلغاندا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىسىز.

ئاجىزلىقىڭىزنى تەن ئالغان قىياپەتكە كىرىۋېلىش قارشى تەرەپنىڭ مۇداپىئەسىنى بۇراش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ پۇختا يوشۇرۇش. ئەمەلىيەتتە كىشىلەر باشقىلارنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىشكە ئامراق كېلىدۇ. شۇڭا قارشى تەرەپ ئاجىزلىقلىرىڭىزنى ئەيىبلىمەكچى بولغاندا، سىز ئۇنىڭدىن بۇرۇن



ئېغىز ئېچىپ ساختا ئاجىزلىقلىرىڭىزنى سۆزلىسىڭىز قارشى تەرەپنىڭ دىققىتى چېچىلىدۇ. بۇنداق ئالدىن ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا، ھەقىقىي ئاجىزلىقىڭىز يوشۇرۇلۇپ قېلىپ، ھۇجۇم ئوبيېكتى بولۇپ قالمايسىز.

بىز باشقىلارنىڭ كۆزىنى بوياش ئۇچۇن خاتالىقنى تەن ئالىمىز. ئەگەر سىز كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۇتتۇق قازىناي دېسىڭىز، دەرھال سەمىمىيلىكتىن ۋاز كېچىڭ. مەقسىتىڭىزنى يوشۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەڭ. بۇنداق ئۇسۇللار سىزنى مەڭگۇ ئۇستۇن قىلىدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، كىشىلەر ھامان باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بەرگەن تۇنجى تەسىراتىغا ئىشىنىدۇ. بىز كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدىن گۇمانلىنىپ بولالمايمىز. ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىگە يوشۇرۇنغان مەخپىيەتلىكلەر ھەققىدە توختىماي تەسەۋۋۇر قىلىش بىزنى ھاردۇرۇپ قويىدۇ. ۋەھىمىگە سالىدۇ. شۇڭا مۇددىئايىڭىزنى يوشۇرماق تەس ئىش ئەمەس. سىز پەقەت باشقىلار ئالدىدا قەستەن ئاجىزلىقىڭىزنى تەن ئالسىڭىز، ئۇلار بۇ تاشقى ھادىسىنى ماھىيەت دەپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ دىققىتى ساختا ئاجىزلىقىڭىزغا مەركەزلەشكەن ھامان، ھەقىقىي غەرىزىڭىزنى بىلمەكى تېخىمۇ تەسكە چۈشىدۇ.



سىز ئاۋۋال ساختا قىزغىنلىقنى ئۆزىڭىزنى يوشۇرىدىغان قورال قىلىشتىن بۇرۇن سەمىمىيلىك ۋە ئوچۇق - يورۇقلۇقنىڭ قۇدرىتىگە ئىشەنچ قىلىشىڭىز ، بۇ ھەقتە ئوچۇق - ئاشكارا ئىپادە بىلدۈرۈشىڭىز كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا بەزىدە مەلۇم مەسىلىلەر ھەققىدىكى ھەقىقىي ئويلىرىڭىزنى ئاشكارىلاپ، مەلۇم مەسىلە ھەققىدىكى مەيدانىڭىزنى شەرھلەپ قويۇشنىڭ زىيىنى يوق. ئېسىڭىزدە بولسۇن ئەڭ ئەقىللىق ئالدامچى ھەر تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئۆز ماھىيىتىنى يوشۇرىدۇ. ئۇلار مەلۇم نۇقتىدىكى سەمىمىيلىكى بىلەن باشقا تەرەپلەردىكى ساختىلىقىنى يوشۇرىدۇ. سەمىمىيلىك ئۇلارنىڭ ئامبىرىدىكى بىر قورال، خالاس.



## ئۆز قابىللىقىنى يوشۇرۇش ئەڭ زور قابىللىقتۇر

ئۆزىمىزنى قابىل قىلىپ نامايان قىلىش ئويى ھەمىشە ھەقىقىي قابىللىقىمىزنىڭ ئىپادىلىنىشىنى چەكلەپ قويىدۇ.

پادىشاھلارنىڭ قابىللىقى ئۇلارنىڭ ھەر خىل شەيئىلەرنىڭ قىممىتىنى ئېنىق بىلىشىدە. ئۆز قابىللىقىنى يوشۇرۇشنى بىلىش، ئەڭ زور قابىللىقتۇر. ئەقىللىق ئادەم ئالدىنىپ قالماسلىقىنى ئويلىسا، بەزىدە دۆتەرەك بولۇۋالسىلا كۇپايە.

دۆتەرەك ئادەملەرنىڭ ئەڭ قابىل تەرىپى ئۇلار باشقىلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قانداق دوراشنى بىلىدىغانلىقىدا. چۈنكى، ھەربىر ئادەم بىر ئىشنىڭ ياخشى، سەممىمىي، ھەققانىي ئىش ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتىن قېينالغاندا، تۇزلۇككە قارىغاندا كۆپرەك قابىللىققا تايىنىدۇ.



## ھەرقاچان ئۆيلەنمىگەن يەردىن چىقىشنى ئۆگىنىڭ

ئۆيلەنمىگەن يەردىن چىقىش ئۈچۈن توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرۇش لازىم. سىز مەڭگۈ ئۆيلەنمىگەن يەردىن چىقىمەن دېسىڭىز، ئۆزگىرىپ تۇرۇشتىن توختاپ قالماسلىقىڭىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ھاياتىڭىز خۇشاللىققا تولىدۇ.

ئۆيلىگەن يەردىن چىقىدىغان بولۇپ قالسىڭىز، ماشىنىدىن پەرقىڭىز قالمايدۇ. چۈنكى، ماشىنىنىڭ ھەرىكىتىنى ھەرقانداق چاغدا مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ. ھەر ۋاقىت ئۆزگىرىپ تۇرۇش ئادەملەرنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقى.

ناۋادا سىز ئۆزگىرىپ تۇرۇشتىن توختاپ قالسىڭىز، ئۇ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىڭىزنىڭ ئىپادىسى.

دائىم كۈتكەن يەردىن چىقىش ئاقىللارغا خاس تاكتىكا ئەمەس، ئاددىي ئادەملەرمۇ شۇنداق قىلىپ كۆتمىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. ناۋادا سىز نۇرغۇن دۈشمەن ئىچىدە قالسىڭىز، ياكى خەتەرگە يولۇقسىڭىز، بىر قاتار مۆلچەرلىگۈسىز ھەرىكەتلەرنى قىلىپ دۈشمىنىڭىزنى قورقۇتالايسىز. دۈشمىنىڭىز بۇ كۆتمىگەن ھەرىكەتلەردىن قايمۇقۇپ، قول سېلىشقا پېتىنالمايدۇ.



بۇ تاكتىكىنى ئۆرۈشتىن باشقا كۆندىلىك تۇرمۇشتىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. كىشىلەر باشقىلارنىڭ مۇددىئاسىنى بىلىشكە قىزىقىدۇ. سىز ئەگەر چۈشىنىكسىز بىر ئىشنى قىلسىڭىز، قارشى تەرەپ پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا، ئۇلارنى تىزگىنلەش تەس ئەمەس.

ئەڭ ياخشى ھىيلە ھىيلە ھېسابلانمايدۇ. بەلگىلىك نامىڭىز چىقسىلا كىشىلەر سىز قىلغان ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ چوقۇم ئەقىلگە ئۇيغۇن بىر سەۋەبى بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. شۇڭا ئالاھىدە ئېھتىيات بىلەن پىلانلىغان ھەرىكىتىڭىز ئەمەلىيەتتە ئەڭ بىھۇدە ھەرىكەتتۇر. نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى ھېچكىم پەرەز قىلالمىسا، بۇ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدۇر.

مۆلچەرلىمىگەن يەردىن چىقىش بىر خىل قورقۇنچلۇق قورال. كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئادەتلەنگەن ھەرىكەت شەكلىنى بۇزۇپ تاشلاش ئەتراپتىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. ئۇلار سىز ۋە ھەرىكىتىڭىزنىڭ مەقسىتى توغرىسىدا مۇلاھىزە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ھالەت ئۇلارنىڭ سىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىغا سەۋەب بولىدۇ. سىز تېخىمۇ كۆپ ھۆرمەتكە ئىگە بولىسىز. مەڭگۈ تۆۋەن ئورۇندا تۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى مەلۇم قېلىپقا چۈشكەن بولىدۇ. بۇنداق قېلىپ



سىزنى باشقىلارنىڭ تۇزىقىغا دەسسەتمەي قالمايدۇ. تەقدىرىڭىزنى ھامان باشقىلار بەلگىلەيدۇ.

بەزىدە بۇنداق ئويلىمىغان يەردىن چىقىش زىيانلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن. بولۇپمۇ ئورنىڭىز تۆۋەنرەك چاغدا ئەتراپىتىكى كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلىش، پاراكەندە قىلماسلىق ئۈچۈن بۇ ئۇسۇلدىن ۋاز كەچمەي بولمايدۇ. بەك كۆپ قېتىم ئويلىمىغان يەردىن چىقىش كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىنىڭ كەملىكىنىڭ دەلىلى، شۇنداقلا ئېغىر پىسخىك مەسىلە، دەپ قارىلىپ قېلىشى مۇمكىن. بەزىدە قېلىپقا چۈشكەن ھەرىكەتمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. قېلىپنى بۇزۇش ئارقىلىق باشقىلارغا تەھدىت سالالايسىز، لېكىن بۇنداق كۈچنى ئەقىل بىلەن ئىشلىتىش كېرەك:...



## ھەم شىر بول ھەم تۈلكە

تۈز، گېپىدە تۇرىدىغان، ئەخلاقلىق، ۋاستە ئىشلەتمەيدىغان كىشىلەر مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدۇ. لېكىن دەۋرنىڭ تەجرىبىسى بىزگە مۇنداق دەيدۇ: ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلغان خان - پادىشاھلار ئىشەنچ دېگەن بۇ سۆزنى چوڭ بىلىپ كەتمىگەن. ئۇلار ھەرخىل ۋاستىلەر ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى دەككە - دۈككىگە سېلىپ ئەڭ ئاخىرىدا گېپىدە تۇرىدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىدىغان خان - پادىشاھلارنى مەغلۇپ قىلغان.

ئېلىشىشنىڭ زوراۋانلىق ۋە قانۇندىن ئىبارەت ئىككى خىل ئۇسۇلى بار. زوراۋانلىق ھايۋاننىڭ ئۇسۇلى، قانۇن ئادەمنىڭ ئۇسۇلى. ئەقىللىق كىشىلەر قانۇنغا تايىنىپ يېڭەلمىگەندە، زوراۋانلىققا ئىلتىجا قىلماي قالمايدۇ. شۇڭا ئاقىللار ئادەمىيلىك بىلەن ھايۋانلىقنى قانداق ئىشلىتىشنى چۈشىنىۋېلىشى كېرەك. قەدىمكى يازغۇچىلارنىڭ ھېكايە قىلىشىدىن قارىغاندا ئاكىللىس ۋە باشقا نۇرغۇن ھۆكۈمدارلار تۇغۇلغاندىن كېيىن يېرىم ئات، يېرىم ئادەم كېلونىنىڭ بېقىشىغا ھاۋالە قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ تەربىيىسىدە چوڭ بولغان ئىكەن. بۇ يېرىم ئات، يېرىم ئادەم



ئۇستازنىڭ ھېكايىسىنىڭ دېمەكچى بولغىنى، ھە-
قىقىي ئەقىللىق ئادەم ئادەمىيلىك بىلەن ھايۋانىي-
لىقنى قانداق ئىشلىتىشنى بىلىۋېلىشى كېرەك.
بۇنىڭ بىرى كەم بولسا ئالدامچىلىق ۋە خەۋپ - خە-
تەرگە تولغان بۇ دۇنيادا پۇت تىرەپ تۇرغىلى بولمايدۇ.
ناۋادا سىز ھاياتلىق سەھنىسىدە بىر غالىبىقا
ئايلىنىمەن، دەيدىكەنسىز شىر ۋە تۈلكە بولۇشنى
ئۆگىنىۋېلىشىڭىز كېرەك. چۈنكى، شىر قىلتاققا
چۈشۈپ قېلىشتىن خالىي بولالمايدۇ. تۈلكىنىڭ
بۆرە - يولۋاسقا تەڭ كەلگۈدەك كۈچى يوق. شۇڭا بىر
ئاقىل ئادەم قىلتاقنى تونۇيالايدىغان تۈلكە، بۆرە،
يولۋاسقا تەھدىت سالالايدىغان شىر بولۇشى كېرەك.
پەقەت شىر بولۇشنىلا ئويلايدىغان كىشىلەر بۇ نۇق-
تىنى ھېس قىلالمايدۇ. شۇڭا ئەقىللىق ئادەم ۋەدىگە
ۋاپا قىلىش ئۆز مەنپەئىتىگە زىيانلىق ئەھۋالدا،
پۇت - قولىنى چۈشەپ قويغان ۋەدىسىدە تۇرۇشنىڭ
سەۋەبى كۆچتىن قالغاندا دەرھال ۋەدىسىگە ۋاپا قىل-
مايدىغان ئادەمدۇر. ناۋادا ھەممە ئادەم ياخشى بولغان
بولسا بۇ گەپنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايتتى، لې-
كىن دۇنيا خىلمۇخىل ئادەملەر بىلەن تولغان، بەزى-
لەر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىسا، سىزنىڭمۇ ئۇلارغا ۋاپا
قىلىش مەسئۇلىيىتىڭىز بولمايدۇ. ئەقىللىق ئادەم-
لەر ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقىغا ئورۇنلۇق باھانە ئىزدەپ



تاپالايدىغان كىشىلەردۇر. بۇ ھەقتە مىساللار كۆپ. ئۇرغۇن شەرتنامە ۋە ۋەدىلەرنىڭ يىرتىپ تاشلانغانلىقى پاكىت. تۈلكىدەك بولالىغان كىشىلەر ھامان ئەڭ چوڭ غەلىبىگە ئېرىشەلەيدۇ. لېكىن تۈلكىنى دورىغۇچى چوقۇم ئەڭ ماھىر دورىغۇچى ۋە نىقابلانغۇچى بولۇشى كېرەك. ئۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مېڭىسى بەك ئاددىي، نۆۋەتتىكى ئېھتىياجى ئۇچۇن ئوڭايلا تىز پۈكىدۇ. ناۋادا كىمكى ئالدامچىلىقنى نىيەت قىلسا، ئالدىنىدىغان ئادەملەر ھامان چىقىپ تۇرىدۇ.

ئۇلۇغ سىپىدۇمۇس سېۋىلىس مانا مۇشۇنداق ئىقتىدارغا ئىگە ئادەم ئىدى. ئۇ ئەسكەرلىرىدە ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ، پۇقرالىرىنى ئېزەتتى. شۇنداقتىمۇ دۆلەتنى كۆڭۈلدىكىدەك ئىدارە قىلغانىدى. چۈنكى مەيلى ئەسكەرلەر بولسۇن، مەيلى پۇقرالار بولسۇن ئۇنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئەخلاقىغا قايىل بولمايدىغانلار يوق. پۇقرالار ئۇنىڭدىن قورقاتتى، ئەسكەرلەر ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى ھەم قايىل بولاتتى.

ئۇ يېڭى پادىشاھلار ئۆگەنگۈدەك قالتىس ئىشلارنى قىلغان. بۇ يەردە ئۇنىڭ قانداق ئۇستىلىق بىلەن ھەم تۈلكە، ھەم شىر بولغانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتەيلى: بۇنداق ئىقتىدارنى پادىشاھلار ئۆگىنىپلا قالماي ئادەتتىكى پۇقرالار ئۆگەنسىمۇ زور مەنپەئەت ئالالايدۇ. سېۋىلىس، پادىشاھ كىلئىنىڭ نان قېپى



خاراكتېرىدىن خەۋەردار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزى قوماندانلىق قىلىۋاتقان سىلىپانىيادىكى ئارمىيىنى رىمغا قايتىپ، سابىق پادىشاھ پېدىنكىسنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا قايىل قىلىدۇ. چۈنكى بۇ پادىشاھنى كېلئانغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئۆلتۈرگەنىدى. سېۋېرۇس ئۆزىنىڭ پادىشاھ بولۇش ئويىنى ھېچكىمگە ئۇقتۇرماي، مۇشۇنداق بىر سەۋەب بىلەن ئارمىيىنى باشلاپ رىمغا قاراپ يولغا چىقتى. رىمغا كەلگەندە ئوردا ئاقساقاللىرى قورقۇپ كېتىپ كېلئاننى قەتلى قىلىپ سېۋېرۇسنى پادىشاھ قىلىپ سايلىدى. سېۋېرۇس بۇ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ئالدىدا تۇرغان ئىككى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلمىسا بولمايتتى. قىيىنچىلىقنىڭ بىرى ئاسىيادا بولۇپ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاسىيادا تۇرۇشلۇق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىرى نىگىلناس ئاللىقاچان ئۆزى تۇرغان يەردە پادىشاھ بولغانىدى. يەنە بىرى غەربتىكى ئالپىناس بولۇپ ئۇمۇ پادىشاھلىقنى تارتىۋېلىش كويىدا ئىدى. سېۋېرۇس بىرلا ۋاقىتتا ئىككى تەرەپ بىلەن دۈشمەنلىشىشنىڭ خەتەرلىكلىكىنى تونۇپ، نىگىلناسقا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئالپىناسنى ئالداش قارارىغا كەلدى. ئۇ ئالپىناسقا خەت يېزىپ، ئاقساقاللارنىڭ ئۆزىنى پادىشاھ قىلىپ سايلىغانلىقى، لېكىن ئۆزىنىڭ



ئالپىناس بىلەن بىللە شان ـ شەرەپتىن تەڭ بەھرىمەن بولغۇسى بارلىقىنى بايان قىلدى ۋە ئۇنىڭغا قەيسەر دېگەن ئاتاقنى بەردى. ئاقساقاللار كېڭىشى قارار ماقۇللاپ ئالپىناسنى رىمنىڭ ئورتاق ھۆكۈمرانى، دەپ تونۇدى. ئالپىناس بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى راست دەپ قارىدى. كېيىن سېۋىلىس، ئىگىلىناسنى ئۇرۇشتا يېڭىپ كاللىسىنى ئالدى. شەرقنىڭ ئىشلىرى تىنىچىدى. رىمغا قايتقاندىن كېيىن ئۇ، ئاقساقاللار كېڭىشىدە ئالپىناسنى ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ماڭا قەست قىلىشقا ئۇرۇندى، دەپ ئەيىبلىدى ۋە ئۇنى جازالاشقا ئاتلاندى. ئۇ ئالپىناسنىڭ ئورنىنى تارتىۋېلىپلا قالماي كاللىسىنىمۇ ئالدى.

سېۋىلىسنىڭ قىلغانلىرىنى سەگەكلىك بىلەن تەھلىل قىلساق، ئۇنىڭ بىر ۋەھشىي شىر بولۇپلا قالماي ناھايىتى ئەقىللىق تۈلكە ئىكەنلىكىنىمۇ بايقايمىز. كىشىلەر ئۇنىڭدىن قورقىدۇ ھەم ئۇنى ھۆرمەتلەيدۇ. بۇنداق ئادەمنىڭ شۇنداق چوڭ ھوقۇقلارغا ئىگە بولغىنىغا ھەيران قېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئۇنىڭ غايەت زور ئابرۇيى دائىم ئۇنى قوغدايدۇ. خەلقنىڭ نەپرىتىدىن خالىي قىلىدۇ.



## ئىقتىدارىڭىز بىلەن خىزمەت
## ئورنىڭىز ماس كەلسۇن

ئىقتىدارىمىز ۋەزىپىمىزدىن ئۇستۇن تۇرغاندا ئۆزىمىزنى ئاجايىپ قالتىس سېزىمىز. ئىقتىدارىمىزدىن يۇقىرى ۋەزىپىنى ئۇستىمىزگە ئالغاندا يەنە ئۆزىمىزنى ئىقتىدارسىز ھېس قىلىمىز. جەمئىيەت ھامان سىرتقى كۆرۈنۈشنى مۇكاپاتلايدۇ، ماھىيىتىنى ئەمەس. بەزىلەر جەمئىيەتتە مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۇچۇن، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. چۇنكى ئۆزى ئىگە بولمىغان ئورۇنغا ماس كېلىدىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىش، ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماقتىن ئوڭاي.

ئۆزىمىزدە بار خاراكتېر كەلتۇرۇپ چىقارغان كىشىلەر ئالدىدىكى سەتچىلىك، ھامان يوق خاراكتېرگە ئىگە بولغان قىياپەتتە كەلتۇرۇپ چىقارغان سەتچىلىكتىن ئاز بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا چۇشۇپ قالماسلىق ئۇچۇن، ئىقتىدارىمىز ئۇستىمىزگە ئالغان خىزمەت بىلەن ماس كېلىشى لازىم.



## دۇچ كەلگەن ئىككى قىيىنچىلىقنىڭ يېنىكىنى تاللاش لازىم

ھەرقانداق قىيىنچىلىقتىن زىيان تارتماي قۇتۇلۇپ كېتىمەن دېگەن خىيالدا بولماڭ. ھەرقانداق ئامالنىڭ ئىشەنچلىك بولۇپ كېتىشى ناتايىن. شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىدىن قارىغاندا، ئادەم بىر قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يەنە بىر قىيىنچىلىققا تەۋەككۇل قىلماي بولمايدۇ. ئەڭ ياخشى ئۇسۇل قىيىنچىلىقلارنىڭ خاراكتېرىنى بىلىۋېلىپ زىيىنى ئەڭ ئاز بىرسىنى تاللاشتۇر.



## ئۆزىڭىزگە بويسۇنۇڭ

مەيلى قەيەردە، قايسى ۋاقىتتا بولسۇن ئۆز تۇيغۇڭىز بويىچە ئىش قىلىڭ. باشقىلارغا بويسۇنماڭ، ئۇلارنىڭ نىيىتى ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ مۇستەقىللىقىڭىزنى ساقلاڭ. ئۇلارغا قارىغۇلارچە ئەگەشمەڭ. سىزگە ئۇنداق بول، مۇنداق بول، دەپ نەسىھەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا قويۇپ، رەھمىتىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ. ئۇلارنىڭ سىزگە زىيان سېلىش نىيىتى يوق. لېكىن زىيان تارتىدىغان ئىش ھامان يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

يۈرىكىڭىزنى تىڭشاڭ، ئۇ سىزنىڭ بىردىنبىر ئۇستازىڭىز. كىشىلەر دائىم سىز توغرۇلۇق بىرنېمە دېيىشىدۇ. ناۋادا سىز تەكشۈرمەي تۇرۇپ ئۇلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلسىڭىز، باشقىلارنىڭ سۆزى سىزگە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. سىزمۇ باشقىلار توغرۇلۇق بىر نېمە دېيدىغان بولۇپ قالىسىز. بۇنداق ئويۇننىڭ دەردىنى پۈتۈن ئىنسانىيەت تارتىۋاتىدۇ.

ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا، مۇستەقىل ئادەم بولىمەن دېيدىكەنسىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزگە بويسۇنۇڭ، ئۆزىڭىزگە ھۆكۈم قىلماڭ، ئۆزىڭىزگە ئىشىنىڭ،



ئۆزىڭىزنى قوبۇل قىلغان ھامان باشقىلارنىمۇ قوبۇل قىلالايسىز. چۈنكى سىز باشقىلاردىمۇ ئوخشاش كەمچىلىكلەرنىڭ بارلىقىنى ئېنىق كۆرىسىز. ئۇلارنى قوبۇل قىلىشىڭىز، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

بىز بۇ جەرياننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلساق مۇنداق نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ: سىز ئاۋۋال ئۆزىڭىزنى قوبۇل قىلىڭ. شۇندىلا باشقىلارنى قوبۇل قىلغۇدەك كۆچكە ئىگە بولىسىز. مەلۇم كىشىنىڭ ئۇلارنى قوبۇل قىلىشى ئۇلارغا قوبۇل قىلىش گۈزەللىكىنىڭ نېمىلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇلار باشقىلارنى قوبۇل قىلىش بەختىدىن بەھرىمەن بولىدۇ ۋە باشقىلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلايدۇ.



## ھەرقانداق ئىشتا ئالدىن كۆرەلەيدىغان قابىلىيەت بولۇشى كېرەك

رىملىقلار سۇ كەلگۈچە تۇغان تۇت دېگەندەك، كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىقتىن قورقماي، بارلىق ئامال – چارىلەر ئارقىلىق يىراق كەلگۈسىنى ئويلايدۇ. ھاكىمىيەت تۇتقانلارلا ئەمەس، سىزمۇ شۇنداق بولۇشىڭىز كېرەك. ھەرقانداق ئىشنى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن توغرا مۆلچەرلەپ، يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالالىسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز خەتەردىن ئاسانلا قۇتۇلالايسىز. ئەگەر ئۇنداق قىلماي، ۋاقتى كەلگەندە بىر گەپ بولار، دەپ ئولتۇرسىڭىز، خۇددى كېسەل زورىيىپ، جان تۇمشۇققا بېرىپ قالغاندا ھەرقانداق دورا ئىشلەتسىمۇ كار قىلمىغانغا ئوخشاش، يامان ئاقىۋەتكە قالىسىز. مېدىتىسىنادا بەزىبىر كېسەللەرنى دەسلەپكى باسقۇچتا داۋالاپ ساقايتىش ئاسان، لېكىن كېسەلگە دەسلەپتىلا دىئاگنوز قويماق تەس. كېسەلنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا دىئاگنوزنى ئېنىق قويماي، ھەم داۋالاش ئېلىپ بارمىغاندا كېسەل تەرەققىي قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا گەرچە دىئاگنوزنى ئېنىق قويغىلى بولسىمۇ، لېكىن



داۋالىماق تەس بولۇپ قالىدۇ. مەيلى قانداق ئىش بول-
مىسۇن، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ
يۈز بېرىشىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەندە (بۇنىڭدا ئەلۋەتتە
قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك) يامان ئاقىۋەت-
لەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغاندا،
بۇ يامان ئاقىۋەتلەر كېڭىيىپ، جەمئىيەت خاراك-
تېرلىك تۇسنى ئېلىپ قالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ
ئالدىنى ئېلىش ئىنتايىن قىيىن بولۇپ قالىدۇ.
رىملىقلار بۇنداق قىلىشتا ئۈلگە بولالايدۇ. ئۇلار با-
لايىئاپەت تېخى يېتىپ كەلمەستىن، ئالدىن كۆرەر-
لىك بىلەن بايقاپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرل-
رىنى تۈزەيدۇ. ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۇرۇشتىن ساقلىنىش
ئارقىلىق بالايىئاپەتلەرنىڭ زورىيىپ كېتىشىگە قاراپ
تۇرمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۇرۇشتىن ساقلانغىلى بول-
مايدىغانلىقىنى، بۇنداق قىلىشنىڭ پەقەت قارشى تە-
رەپكە پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلار
گرېتسىيە پېلى ۋە ئانتىئوكۇسقا جەڭ ئېلان قىلىش
ئارقىلىق، كېيىن ئىتالىيە چېگرىسى ئىچىدە ئۇرۇش
قىلىپ قېلىشتىن ساقلانغان. ئەسلىدە ئۇلار بۇ ئىك-
كى قېتىملىق ئۇرۇشنىڭ خالىغان بىرسىدىن
كەچسە بولاتتى. لېكىن ئۇلار ئۇنداق قىلىشنى خال-
مىدى. شۇنداقلا ئۇلار يەنە بىز ھەر كۈنى ئاقىللار



ئاغزىدىن ئاڭلاپ تۇرىدىغان ۋاقىتنى سوزۇش پايدىلىق دېگەندەك قىلىشنىمۇ خالىمىدى. ئەكسىچە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جەسۇر، قابىللىقىغا، ئېھتىياتچانلىقىغا ئىشەندى. چۈنكى ئۇلار ۋاقىت ھەممىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، ھەممىنى ئېلىپ كېلەلەيدۇ، يامانلىق ئېلىپ كەلگەن يەردە ياخشىلىقنىمۇ، ياخشىلىق ئېلىپ كەلگەن يەردە يامانلىقنىمۇ ئېلىپ كېلەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ.



## خاتىرجەم ۋاقتىڭىزدا خەۋپ - خەتەرنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ

مەيلى ھەرقانداق ئەھۋالدا، ھەممىدىن بەك مۇھىمى، خاتىرجەم ۋاقىتلىرىڭىزدا خەۋپ - خەتەرنىمۇ ئويلاپ قويۇش. مەيلى قانداق تاسادىپىيلىقنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى ئوڭۇشلۇق بولسۇن ياكى بولمىسۇن، سىز ئۆزىڭىزنىڭ يۇقىرىقى پرىنسىپىڭىزنى ئۆزگەرتمەسلىكىڭىز كېرەك. چۈنكى، ئەگەر ۋەزىيەت سىزنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلسا، سىز گەرچە ئەپچىل چارە - ئۇسۇللارنى قوللانسىڭىزمۇ يەنىلا كېچىككەن بولىسىز. ئەگەر ياخشى ئىش قىلغان بولسىڭىزچۇ؟ يەنىلا سىزگە پايدىسىز. چۈنكى بۇ قىلغان ياخشى ئىشىڭىز ياندىن كۆزەتكۈچىلەرگە نىسبەتەن يەنىلا زورىغا قىلىنغان، دەپ قارىلىپ، سىز ھېچقانداق مىننەتدارلىققا ئېرىشەلمەيسىز.

ئەقىللىق، ئېھتىياتچان كىشى يۇقىرىقى پرىنسىپقا ھەر ۋاقىت ئەمەل قىلىپ ئۆزىنىڭ خاتىرجەم ۋاقىتلىرىنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆتكۈزمەسلىكى



كىرەك. ئەكسىچە بۇ ۋاقىتلاردىن ئۇنۇملۇك پايدى-
لىنىپ، كۈچ توپلاپ، خەتەرلىك پەيتلەرگە پۇختا
تەييارلىق قىلىشى كىرەك. بۇنداق قىلغاندا، باشقا
تەتۈر قىسمەتلەر كەلگەندە تەمتىرەپ قالماستىن،
ئەكسىچە ئۇنىڭغا قارشى تۇرالايدۇ.



## بىتەرەپ ئورۇندا تۇرۇش ئەكسىچە تېخىمۇ ئاۋارىچىلىق

مەلۇم بىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي دوستىلا بولالىغان ياكى ھەقىقىي دۈشمىنى بولالىغان كىشىلا دائىم باشقىلار تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىشكە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك، ئۇ قىلچە يوشۇرماستىن ئۆزىنىڭ بىر تەرەپنى قوللاپ يەنە بىر تەرەپكە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىيالايدۇ. بۇ خىل تاكتىكا بىتەرەپ ئورۇندا تۇرغانغا قارىغاندا تېخىمۇ پايدىلىق. مىسال كەلتۈرسەك، مەلۇم بىر خانغا قوشنا بولغان ئىككى دۆلەتتە ئۇرۇش پارتلىغان بولسا، ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرى مۇنداق بولىدۇ: ئۇلارنىڭ بىرى غەلىبە قىلسا بۇ خان ئۇنىڭدىن قورقىدۇ ياكى بۇ خان ئۇرۇشتا كىمنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن قىلچە ئەنسىرىمەيدۇ، مەيلى قايسى خىل ئەھۋالدا بولسۇن، ئەڭ ياخشى چارە ئوچۇق – ئاشكارا ھالدا جەڭ ئېلان قىلىش. ئەگەر ئۇ خان بۇنداق قىلمىسا ئۇنداقتا ئالدىنقى ئەھۋال كۆرۈلسە (بۇ خان غەلىبە قىلغۇچى تەرەپتىن قورقسا) ئۇ چوقۇم غەلىبە قىلغۇچى تەرەپنىڭ ئولجىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. يېڭىلگەن تەرەپمۇ بۇنىڭدىن خۇش بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا



خان ھېچقانداق سەۋەب بىلەن ئۆزىنى قوغدىيالمايدۇ.
چۈنكى، غەلىبە قىلغۇچى ھەل قىلغۇچ پەيتتە ياردەم
قىلمىغان ئىشەنچسىز دوستنى كېرەك قىلمايدۇ.
مەغلۇپ بولغۇچى تەرەپنىڭمۇ ئۇنى قوغدىغۇدەك
ھېچقانداق ئەمەلىي كۈچى بولمايدۇ، بۇ ئاقىۋەتلەرنىڭ
ھەممىسىنى دەل ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن تەقدىرداش
بولۇپ ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىغانلىقى كەلتۈرۈپ
چىقارغان. گرېتسىيىدىكى ئېتىلىگدىيىلىكلەر
سۈرىيە خاقانى ئانتىكوسنى رىملىقلارنى قوغلاپ چە-
قىرىشقا تەكلىپ قىلىپتۇ، ئانتىكوس بىرقانچە ئا-
لاھىدە ئەلچىنى رىمدىكى ئاق كۆڭۈل ئاگىتلارنىڭ
يېنىغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى بىتەرەپ ئورۇندا تۇرۇشقا
چاقىرىپتۇ، رىملىقلار ئەكسىچە ئۇلارنى ئۇرۇش قى-
لىشقا دەۋەت قىلىپتۇ، ئاگىتلار يىغىندا بۇ مەسى-
لىنى كېڭەشكەندە ئانتىكوس خاقانىنىڭ ئالاھىدە ئەل-
چىسى ئۇلارنى بىتەرەپ ئورۇندا تۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ-
تۇ. بۇ ۋاقىتتا رىمنىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى قارشى
چىقىپ، ئەگەر سىلەر ئۇرۇشقا ئارىلاشمىساڭلار،
دۆلىتىمىزگە تېخىمۇ پايدىلىق دەپ قارىساڭلار،
بۇنىڭدىنمۇ چوڭ خاتالىق يوق بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ-
رۇشقا ئارىلاشمىساڭلار سىلەر مىننەتدارلىقمۇ، شە-
رەپمۇ بولمىغان ھالدا غەلىبە قىلغۇچىنىڭ مۇكاپات
بۇيۇمىغا ئايلىنىپ قالىسىلەر، دەپتۇ.



سىز بىلەن مۇناسىۋىتى قويۇق بولمىغان كىشى چوقۇم سىزگە قارىتا بىتەرەپ ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەكسىچە سىزنىڭ دوستىڭىز بولسا، قورال ئېلىپ ياردەملىشىپ ئۇرۇش قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىدۇ. ئىش مەڭگۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. ھېلىقى مەيدانى مۇستەھكەم بولمىغان كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى خەتەردىن قېچىپ، ئومۇمىيۈزلۈك بىتەرەپلىكنى تاللايدۇ. نەتىجىدە ھەمىشە تۈگىشىدۇ. ئەگەر سىز باتۇرلۇق بىلەن بىر تەرەپنى قوللاپ ئۇرۇش قىلسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز بىرلەشكەن تەرەپ غەلىبە قىلسا، ئۇ چاغدا غەلىبە قىلغۇچى تەرەپ ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، سىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىڭلار قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدەك تېخىمۇ ياخشىلىنىدۇ. چۈنكى سىز ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەن، شۇڭا ئۇ ھەرگىزمۇ ۋاپاغا جاپا قىلىپ سىزگە بېسىم قىلمايدۇ.

ئەگەر سىز ياردەم بەرگەن تەرەپ مەغلۇپ بولسا، ئۇ يەنىلا سىزنى قانات ئاستىغا ئېلىپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە سىزگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا سىز بۇ تەرەپ بىلەن ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بولىسىز، بۇ خىل قىسمەت ھامىنى ياخشى تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. ئىككىنچى خىل ئەھۋالغا كەلسەك، ئەگەر سىز ئۇرۇش قىلغۇچى ئىككى تەرەپتىن قايسى تەرەپنىڭ غەلىبە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر قىلچە قورقمىسىڭىز، ئۇ



ھالدا سىز چوقۇم بىر تەرەپكە ئۇرۇش قىلىشقا قاتنىشىڭ. بۇ سىزگە نىسبەتەن مۇھىم، چۈنكى سىز ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپنى يوقىتىشىغا ياردەم بەردىڭىز. بۇ چاغدا ئەگەر سىز ياردەم بەرگەن تەرەپ كاللىسى ئىشلىسىلا، مەغلۇپ بولغۇچى تەرەپنى قۇتقۇزۇپ قېلىپ، ئۇنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇ رەقىبىنى يەڭگەن تەقدىردىمۇ ئەمما بۇ سىزنىڭ شاپائىتىڭىز بىلەن بولغان بولىدۇ. چۈنكى سىزنىڭ ياردىمىڭىز بولمىغان بولسا، ئۇ غەلىبە قىلالمىغان بولاتتى.



## باشقىلارنىڭ سىزدىن ئەيمىنىشى ئۇلارنىڭ سىزنى قەدىرلىشىدىن بىخەتەردۇر

كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشنى ئىستىگەن ئادەم ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئۇنى ھۆرمەتلىگىنى تۈزۈكمۇ ياكى ئۇنىڭدىن ئەيمەنگىنى تۈزۈكمۇ؟ جاۋاب شۇكى، ئۇ باشقىلارنىڭ قەدىرلىشىگە ئېرىشىپ قالماي، باشقىلار ئۇنى كۆرگەندە ئەيمىنىدىغان بولۇشى كېرەك. شۇركەندۇرۇش سەل تەس. لېكىن ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللاش توغرا كەلسە، باشقىلارنىڭ سىزدىن ئەيمىنىشى ئۇلارنىڭ سۆيۈنۈشىدىن بىخەتەردۇر. ئادەتتە ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى ۋاپاغا جاپا قىلىدۇ، ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، قورقۇنچاق، ھىيلە- مىكىرگە باي، ئاچ كۆز بولىدۇ. سىز ئۇلارغا ئىلتىپات قىلغاندا، ئۇلار بارلىقىنى سىزگە ئاتايدۇ. ھەتتا سىز ئۈچۈن قان ئاققۇزۇشقا، مال- مۈلكى ۋە ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا رازى بولىدۇ. لېكىن بۇنداق ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئېھتىياجى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بەكمۇ يىراقتىكى ئىشتۇر. ناۋادا پۇرسەت پىشىپ يېتىلىپ، ئۇلاردىن شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلسىڭىز، ئۇلار ھەمىشە ئۈن- تىنسىز يوقاپ كېتىدۇ. سىزگە قىلچە ياردەم بەرمەيدۇ. شۇ چاغدا سىز



باشقىلارنىڭ ۋەدىسىگە ئىشىنىپ ھېچقانداق تەييارلىق قىلمىغان بولسىڭىز بەكمۇ ئېغىر ئاقىۋەتكە قېلىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى، دوستلۇق بەدەل تۆلەپ سېتىۋېلىنغان بولسا، ئۇ مۇستەھكەم، لازىم چاغدا ئەسقاتىدىغان ئۇلۇغ دوستلۇق ئەمەستۇر. بۇنداق دوستلۇققا تايانغىلى بولمايدۇ. سىزنى سۆيىدىغان بىر ئادەمنى جازالاش، سىزدىن قورقىدىغان ئادەمنى جازالاشتىن بىخەتەر بولىدۇ. چۈنكى سۆيگۈ مەسئۇلىيەتتىن ھاسىل بولغان بىر زەنجىر بىلەن باغلانغان بولىدۇ. ئادەمنىڭ خاراكتېرىدىكى رەزىللىك مەنپەئەتنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچرىغاندا، بۇنداق زەنجىر ھامان ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. ئەمما قورقۇنچ جازالاش قورقۇنچىدا داۋاملىشىدۇ. مەڭگۈ كۈچىدىن قالمايدۇ.



## باشقىلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىڭ

باشقىلارنى قورقۇتۇپ ئۇلارنى تىزگىنلىيەلەيمەن دېسىڭىز ئەڭ ياخشىسى تۆۋەندىكى ئۇسۇلدىن پايدىلىنىڭ. ناۋادا سىز بۇ سەۋەبتىن كۆپچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمىسىڭىز، ئېسىڭىزدە بولسۇن بۇ سەۋەبتىن خەقنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ قويۇشتىن ساقلىنىڭ. باشقىلارنى نەپرەتلەندۈرمەي تۇرۇپ قورقۇتۇش مۇمكىن. ھۆكۈمدار قول ئاستىدىكى خەلقنىڭ مال - مۈلكىگە تەگمىسە، خوتۇن - قىزلىرىغا چېقىلمىسا بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ناۋادا ھۆكۈمدار بىر ئادەمنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلسا چوقۇم ئۇنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشىنىڭ دەلىللىرىنى تولۇق تېپىپ چىقىپ ئاندىن جازا ئىجرا قىلىشى كېرەك. لېكىن، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىگە چېقىلماسلىق كېرەك. كىشىلەر ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنى ئۇنتۇپ كېتەلەيدۇ. لېكىن مال - مۈلكىگە دەخلى يەتكۈزگەن ئادەمنى ئۇنتۇيالمايدۇ. ئەلۋەتتە باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئېلىۋېلىشقا ھەرقاچان باھانە كەملىك قىلمايدۇ. ناۋادا كىمكى ئوغرىلىق قىلىپ تىرىكچىلىك



قىلىمەن دەيدىكەن ئۇنىڭ ئۇچۇن باھانە تاپماق تەس ئەمەس. لېكىن باشقىلارنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇ- رۇشقا ئاساس تېپىش بەكمۇ تەس. تاپقان ئاساسمۇ ناھايىتى ئوڭايلا يولسىز بولۇپ قالىدۇ. باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالماي، ئۇلارنى نەپرەتلەندۇرمەي ئىش قىلىش تەس ئەمەس.

زادى كىشىلەرنىڭ سىزدىن شۈركەنگىنى ياخ- شىمۇ ياكى قەدىرلىگىنىمۇ؟ بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن كۆزقارىشىم مۇنداق. سىز ئۆز ئىرادىڭىز بويىچە ئىش قىلغاچقا خەقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيسىز. ئە- قىللىق ئادەملەرنىڭ ئورنى ئۆزى كونترول قىلىدىغان ئىشلار ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. باشقىلار كونترول قى- لىدىغان ئىشلار ئۈستىگە قۇرۇلمايدۇ. سىز مەن بايام دېگەندەك قىلسىڭىز كىشىلەرنىڭ نەپرىتىدىن ساق- لىنالايسىز.



## تەقدىر ۋە تەبىئەت قەھرىمانىنى يارىتىدۇ

تەقدىر قانداق كۆپ ئۆزگىرىشىدىن، مۇرەككەپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بەزىدە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ، تەبىئەت بىلەن بىرلىشىپ، بەزىدە ئالاھىدە ئادەملەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ كېيىنكىلەرگە ئۈلگە تىكلەپ بېرىدۇ. تەبىئەت شۇ ئادەمگە خاراكتېر ئاتا قىلسا، تەقدىر شۇ خاراكتېرنى نۇرلاندۇرىدۇ. بۇ خاراكتېر ھەممە بىلىدىغان خاراكتېرگە ئايلىنىدۇ. ئۇلار بىزنى ئۆزلىرى ئىپادىلىگۈسى كەلگەن گۈزەل كارتىنىلار بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن رەسسامغا ئوخشاش بىر ئادەمنى تاللاپ مۇنتىزىم پىلانغا ئاساسەن بۇ ئادەمنىڭ تۇغۇلۇش، تەربىيىلىنىش، خاراكتېر، خىسلەت، ئامەت، مۇھىت، دوست ـ دۈشمەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ ئادەمنىڭ كەمچىلىكى ۋە ئەخلاقى، بەخت ۋە بەختسىزلىكىگە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرىدۇ. ھەتتا ئۇلار چوڭ مۇھىت بىلەن كىچىك مۇھىتنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ۋە مۇددىئاسىنى تەبىئەت ۋە تەقدىر ئاتا قىلغان تۈرق ۋە رەڭدە ئىپادە قىلغۇزىدۇ.



كىشىلەرگە بىر روھىتىكى يۈكسەكلىك ۋە قەھرىمانلىقىنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن تەبىئەت بىلەن تەقدىر ئالېكساندىردىن ئىبارەت ئادەمگە نۇرغۇن پارلاق خاراكتېرنى ئاتا قىلغان. سىز ئۇنىڭ ئېسىل ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقى، ئالغان تەربىيىسى، ياشلىق دەۋرى، سەلتەنەتلىك تۇرقى، ساغلام تەن ۋە روھى، ئۇرۇش ۋە ئىلىم جەھەتتىكى ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئېشىپ چۈشىدىغان ئەقىل-پاراستى ۋە بىلىمى، ئېسىل ئەخلاق - پەزىلىتى ھەتتا كەمچىلىكى، ناھايىتى ئاز قوشۇن بىلەن تەڭداشسىز دۈشمەننى يەڭگەنلىكى، قىسقا، لېكىن گۈزەل ھاياتى، ئۆلۈمى، ئۇنىڭ ۋارىسى قاتارلىقلارغا دىققەت قىلسىڭىز تەبىئەت ۋە تەقدىرنىڭ ئاجايىپ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا تاڭ قالماي تۇرالمايسىز. تەبىئەت بىلەن تەقدىر شۇنداق نۇرغۇن ئاجايىپ ئىشلارنى بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا جەملىگەن ھەم ھاياتىنىڭ ھەرقايسى پەسىللىرىگە چاچقان. ئەڭ ئاخىردا ئۇلۇغلۇقى باشقا جاھانگىرلارنى بېسىپ چۈشكۈدەك بۇ ياش ۋە ئۇلۇغ جاھانگىرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

ئەگەر بىز ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلاپ باقساق، تەبىئەت ۋە تەقدىرنىڭ ئىمپېراتور قەيسەرنىڭ ھاياتىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىدىن خەۋەر تاپماي قالمايمىز. تەبىئەت ۋە تەقدىر ئۇنىڭغا ئاجايىپ باتۇرلۇق،



مەرد ـ سېخىيلىق، ئاجايىپ ھەربىي تالانت، چوڭقۇر كۆزىتىش ئىقتىدارى، ئۇرغۇپ تۇرغان ئەقىل ـ پاراسەت، قايىل قىلىش كۈچى ناھايىتى زور نۇتۇق، شۇنچىلىك ساغلام روھ ۋە تەن، ئۇرۇش ۋە تىنچلىق مەسىلىلىرىنى بىتەرەپ قىلالايدىغان تۇغما قابىلىيەت بەردى. ناۋادا قەيسەر تەبىئەت بىلەن تەقدىرنىڭ شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا سازاۋەر بولمىغان بولسا، شۇنداق ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلالارمىدى؟ تەقدىر بىزگە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم ۋە مەشھۇر ھوقۇق تارتىۋالغۇچىنىڭ ئۆلگىسىنى تىكلەپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنى يەر شارىدىكى ئەڭ كۈچلۈك جۇمھۇرىيەتتە تۇغۇلدۇردى. بۇ ئەڭ كۈچلۈك جۇمھۇرىيەتكە تارىختىكى ئەڭ ئۇلۇغۋار ۋە كۈچلۈك بىر تۇغما كىشىنى ھۆكۈمران قىلدى. تەقدىر بۇ كىشىلەر ئارىسىدىن ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ كۈچلۈك ۋە ئەڭ زور دۈشمەننى دىر ـ دىر تىترىتىدىغان بىرنى تاللىۋالدى. بۇ مەزگىلدە يەنە تەقدىر ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرىنىڭ ھەرىكىتىنى بىرلەشتۈرۈپ قەيسەرگە يول ئاچقۇزدى. ئەڭ ئاخىردا، بۇ كىشىلەرنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقۇزدى ۋە قەيسەرنى كۆرەش ئارقىلىق ئەڭ كۈچلۈك ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقاردى. تەقدىر ئۇنىڭ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىگە ياردەم بەردى. ئۇنى نۇرغۇن خېيىم ـ خەتەردىن ئامان ساقلىدى.



ئېگىلمەس ـ سۇنماس ئىرادە بىلەن قەيسەرنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانلىرىنىڭ روياپقا چىقىشىنى قوللىدى . ئەركىنلىكنى ، غۇرۇرنى جېنىدىن ئەزىز بىلىدىغان كۈچلۈك رىملىقلارنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆمىلەتكۈزدى . ئۇنىڭ ھاياتى قانچە ئۇلۇغۋار ۋە سىرلىق بولسا ئۆلۈمىمۇ شۇنداق بولدى . بېشارەتچىلەرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ، خوتۇنى ۋە دوستلىرىنىڭ نەسىھىتى ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزالمىدى . ئۇ ئۆزى قۇتقۇزۇۋالغان ئادەملەر بىلەن ئۆز بالىسىنىڭ قولىدا ھالاك بولدى .

تەقدىر بىلەن تەبىئەتنىڭ ماسلىشىشى كاروننىڭ ھاياتىدا تېخىمۇ ياخشى ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى . ئىككىيلەن قەدىمكى رىمنىڭ ئەخلاقىنى بۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا جەم قىلىپ ئۇنى قەيسەرگە قارشى قويدى . ئوخشاش نەرسە ۋە ئوخشاش باتۇرلۇققا ئىگە بۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى شان ـ شەرەپ ئارزۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە ھوقۇق تارتىۋالغۇچىغا ئايلاندى . مېنىڭ بۇ ئىككى ئۇلۇغ شەخسنى قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويۇپ تەسۋىرلەش ئويۇم يوق . دېمەكچى بولغىنىم ، بۇ ئىككىيلەن قانچىلىك ئۇلۇغ بولسۇن ناۋادا تەقدىر بىلەن تەبىئەت كارون ۋە قەيسەرنى رەقىب قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئەخلاق ـ پەزىلىتىنى مەلۇم بەلگىلەنگەن كۈندە ئۇچراشتۇرۇپ ، پارلاقلىققا ئېرىشتۇرمىگەن ، ئىككىيلەننى بىر دۆلەت، بىر ۋاقىتتا تۇغۇلدۇرمىغان،



ئۇلارنىڭ خاراكتېرى ۋە مىجەزىنى قارىمۇقارشى قىلىپ، دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن ئائىلە مەنپەئەتىنى چۆرىدەپ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلىپ، بىرىگە ئۇلۇغۋار غايە ۋە قارا نىيەت، يەنە بىرىگە قانۇننى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان، ئەركىنلىكنى ھاياتىدىن ئارتۇق بىلىدىغان روھ بەرمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى تېخىمۇ نۇرلانمىغان بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قارشىلىقنى تەبىئەت قەستەن ئورۇنلاشتۇرغان، دەپ قارايمەن. كارونىنىڭ ھاياتى ۋە ئۆلۈمى شۇنداق تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مۇھىت تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ ھاياتى دۆلەتنىڭ ئەركىنلىكى بىلەن تەڭ ئاخىرلىشىدۇ.

ناۋادا بىز ئۆتمۇشتىكى مىساللارنى بىر ياققا قويۇپ، ھازىرقى مىساللارغا نەزەر سالساقمۇ تەبىئەت بىلەن تەقدىرنىڭ ھەمكارلىقىنىڭ ھېلىمۇ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنداق مىساللار كۆپ. ئۆز ھاياتىنى قوماندانلىق سەنئىتىگە بېغىشلىغان ئوخشىمىغان تىپتىكى ئىككى ئادەم دەل مۇشۇ قاراشنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى. شاھزادە فىلىپ ئورلىئان بىلەن سانغۇن دېن تىرىنا جەڭدە قازانغان تۆھپىلەر، ياراتقان پارلاق نەتىجىلىرى بىلەن يۈكسەك ئابرۇيغا ئېرىشكەن. ئۇلار ئوخشاشلا جەڭگە ماھىر، مول تەجرىبىگە ئىگە، ئۇلارنىڭ روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار بەزىدە



بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلسا، بەزىدە قارشىلىشىپ قالىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ جەڭلەردە قانداق غەلىبە قازىنىپ، قانداق مەغلۇپ بولغانلىقىنى، پەزىلىتى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن قانداق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى، خەتەرلىك چاغلاردا ۋەتەننى قانداق قۇتقۇزغان ۋە شۇ ۋەتەننى قانداق ۋەيران قىلغانلىقىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق.

شۇڭا بىز قەھرىماننى تەبىئەت بىلەن تەقدىر يارىتىدۇ، دەپ كېسىپ ھۆكۈم قىلىمىز.



## ئالىيجانابلىق ۋە يۈكسەكلىك

ئالىيجانابلىق بىلەن تەلەيىنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق. ئېسىللىق بىر خىل بىزنى باشقىلاردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان، تۇغۇلىشىمىزدىلا بىزنى ئالىي ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىكتەك كۆرسىتىدىغان، بىز بىلىپ ـ بىلمەي ئېرىشكەن قىممەت. دەل مۇشۇنداق خاراكتېر بولغاچقا، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولىمىز ۋە باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرىمىز. ئۇ كېلىپ چىقىشىمىز، ئورۇن ھەتتا تالانتىنىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئېسىللىقنىڭ مەنىسى ئېنىق. لېكىن بىز ئۇنى بىر خىل ئېپتىخار، مەدھىيىگە سازاۋەر ئالىيجانابلىققا تۇتاشتۇرىدىغان يول، دەپ قارايمىز. ئېسىللىقتىن پەخىرلىنىش بىر خىل ئالىيجاناب تىرىشچانلىق، ئادەملەر بۇ خىل تىرىشچانلىققا تايىنىپ ئۆزىنىڭ خوجايىنى بولىدۇ ۋە بارلىق شەيئىلەرنىڭ خوجايىنى بولالايدۇ.

ئالىيجانابلىقنىڭ مەنىسى قىممەتتە، زىبۇزىننەتنىڭ مەنىسى گۈزەللىكتە بولغان كەبى، ئالىيجانابسىز قىممەت مەۋجۇت. لېكىن قىممەتسىز ئالىيجانابلىق مەۋجۇت ئەمەس.



## كەمچىلىكىڭىزنى كۆز ـ كۆز قىلماڭ

كىشىلىك ئالاقە جەريانىدا باشقىلارنى شادلاندۇرىدىغىنى ئارتۇقچىلىقىمىز ئەمەس، بەلكى كەمچىلىكىمىزدۇر.

لېكىن بەزى كىشىلەر ئۆزىنىڭ كەمچىلىكىنى ئاز كۆرگەندەك خاراكتېرىدىكى بەزى غەيرىي خاراكتېرلەرنى كۆز ـ كۆز قىلىپ كەمچىلىكىنى ئاۋۇتماقچى بولىدۇ. ئۇلار بۇ غەيرىي خاراكتېرنى ئاۋايلاپ پەرۋىش قىلىدۇ. ئاخىردا بۇ غەيرىي خاراكتېر ئۇلارمۇ تۈزىتەلمەيدىغان تۇغما كەمچىلىككە ئايلىنىدۇ.

نادان ئادەملەرنىڭ ماختىنىۋاتقىنى كۆپىنچە ناچارلىقلار بولىدۇ. ئۇلار ئاجىز چېغىدا ئۆزىنىڭ قانداق جاھىللىقىنى ماختايدۇ.

كەمچىلىكىمىزگە قانداق قاراش غۇرۇرىمىزنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق. بەزى ئادەملەر ئۆزى ھەققىدە سۆزلىگەندە ھەممىنى تۆكۈۋېتىدۇ. ئۇلارنىڭ غۇرۇرى ئۇلارغا توغرا تۇيغۇ ئاتا قىلىپ يا كەمچىلىكىنى يوقىتىۋېتىدۇ، يا يوشۇرۇپ قالىدۇ.

بەزى كەمچىلىكلەر ئوبدان بىتەرەپ قىلىنسا گۈزەل ئەخلاقتىنمۇ بەك كۆز قاماشتۇرىدۇ. ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بەزى ئادەملەر تۆھپىسى بار تۇرۇپ



كۆزىمىزگە سەت كۆرۈنىدۇ ، بەزى ئادەملەر كەمچىلىكى بار تۇرۇپ ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغايدۇ . بەزىلەر كەمچىلىكىگە تايىنىپ شۆھرەت تاپسا ، بەزىلەر ئارتۇقچىلىقى تۈپەيلىدىن چەتكە قېقىلىدۇ .



## سۆھبەتلىشىشكىمۇ ئىلىم كېرەك

سۆھبەت ئارقىلىق ئادەمنى شادلاندۇرىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز. چۈنكى، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنىڭ گېپىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، باشقىلارنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. باشقىلار گېپىمنى ئاڭلىسۇن دېسىڭىز، سىزمۇ باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىڭىز كېرەك. باشقىلارغا سۆزلەش ئەركىنلىكى بېرىشىڭىز كېرەك. ھەتتا ئۇلارنىڭ گېپى ئەڭ ئەرزىمەس ئىشلار ھەققىدە بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتمەڭ، رەددىيە بەرمەڭ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە گېپىگە بەكمۇ قىزىقىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈڭ. ئۇلارنىڭ گېپىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى سوراپ تۇرۇڭ. ماختاشقا ئەرزىيدىغان تەرەپلەرنى سەمىمىيلىك بىلەن ماختاڭ. ئەرزىمەس ئىشلار ھەققىدە مۇنازىرە قىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىڭ. ئەرزىمەس سوئاللارنى ئاز سوراڭ. ئۇلارغا بىزنىڭ دېگىنىمىز تېخىمۇ يوللۇقكەن دېگەن تەسىرنى بەرمەڭ. ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى رازىمەنلىك بىلەن ئۇلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىڭ.

سۆھبەت ئوبيېكتىنىڭ مىجەزى ۋە ھەۋەسىگە ئاساسەن چۈشەنمەك ئاسان، ئاددىي مەسىلىلەر ھەققىدە



پاراڭلىشىڭ. ئۇلارنىڭ ئۆز كېيىڭىزگە قوشۇلۇشىغا ئالدىراپ كەتمەڭ. ئۇلارنى جاۋاب بېرىشكە ئالدىراتماڭ. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ ئەدەپ- ئەخلاق ۋە ھۆرمەت جەھەتتىكى تەلىپىنى قانائەتلەندۇرۇپ، تېمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆز پىكرىمىزگە يۆتكىگىلى بولىدۇ. ئالدىن كۆرەر بولۇۋالماڭ، جاھىللىق قىلماڭ. ئاڭلىغۇچىنىڭ قارىشى ئارقىلىق ئۆز پىكرىڭىزنى قوللاڭ.

ئۆزى ھەققىدە بەكمۇ ئۇزاق سۆزلىشىشتىن ئالىيجانابلارچە ساقلىنىڭ. ئامال قىلىپ قارشى تەرەپنىڭ ھەۋىسى ۋە چۈشىنىش ئىقتىدارىدىن خەۋەردار بولۇڭ. قارشى تەرەپنىڭ پىكرىنى تولۇقلىغاندا، قارشى تەرەپنىڭ كۆزقارشى ئارقىلىق شۇنداق تولۇقلىمىغا ئېرىشكەنلىكىڭىزنى قارشى تەرەپكە ئۇقتۇرماي قويماڭ. سۆھبەتلىشىدىغان تېمىنى بىردەمدىلا تۈگىتىۋەتمەڭ. باشقىلارغا ئويلانغۇدەك، دېگۈدەك نەرسە قويۇڭ.

نوپۇز ئىگىسى كەبى سۆزلەشتىن، مۇبالىغە قىلىشتىن ساقلىنىڭ. پىكرىڭىزنى يوللۇق، دەپ قارىسىڭىز پىكرىڭىزدە قېلىڭ. باشقىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئازار بەرمەڭ. ھەممە پىكىرنىڭ ھۆكۈمرانىغا ئايلىنىپ قېلىش ۋە بىر مەسىلە ھەققىدە ھەددىدىن ئارتۇق سۆزلەپ كېتىش نىسبەتەن خەتەرلىك.



گەپنىڭ تېمىسىنى قىلىچە سەزدۈرمەي ئۆز مۇددىئايىڭىزغا بۇراڭ. لېكىن مۇددىئايىڭىزنى باشقىلارغا سەزدۈرۈپ قويماڭ.

دىققەت قىلىڭكى، ھەرقانداق گەپ مەيلى ئۇلۇغۋار گەپ بولسۇن، مەيلى كۆلكە ـ چاقچاق بولسۇن ـــ ھەممە ئادەمگە يېقىپ كېتىشى ناتايىن. شۇڭا، سۆھبەت مەزمۇنى بىلەن ۋاقىتنى قارشى تەرەپنىڭ رايىغا بېقىپ ئورۇنلاشتۇرۇڭ. سۆزلەشكە ھۇنەر كەتكەندەك سۈكۈتكىمۇ ھۇنەر كېرەك. سۈكۈتنىڭ جىمجىتلىق ئارقىلىق ئاۋازنى يېڭىش قۇدرىتى بار. سۈكۈت ئارقىلىق قوشۇلغان ياكى قارشى تۇرغانلىقنى بىلدۈرۈش مۇمكىن. بەزىدە سۈكۈت مەسخىرىگە ۋەكىللىك قىلسا بەزىدە ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ. سۆھبەت جەريانىدىكى تۇرق ـ قىياپەت، ئىشلەتكەن سۆز، قول ئىشارىسى ھەممىشە ئادەمنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا بۇنداق سۆھبەت ئىلمىدىن ناھايىتى ئاز كىشىلەرلا خەۋەردار. ھەتتا بەزىدە سۆھبەت ئىلمى ھەققىدە كىتاب يازغان ئادەملەرمۇ خاتالىشىپ قېلىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، ئەڭ ئىشەنچلىك قانۇنىيەت سۆھبەتلەشكۈچىگە سۆھبەت جەريانىدا ئۆز رايىنى ئۇقتۇرۇش، ياسالمىلىق قىلماسلىق، كۆپ ئاڭلاش، ئاز سۆزلەش، بىكاردىن ـ بىكار سۆزلەپ تۇرۇۋالماسلىق.



## باشقىلارغا گەپ ـ سۆزدە تۇتامى يوق ئادەمكەن، دېگەن تەسىرنى بېرىپ قويماڭ

باشقىلارغا كەڭ قورساق بولۇش كېرەك. ئۇلارنىڭ تۇغما كەمچىلىكى ئارتۇقچىلىقىدىن ئاز بولغان ئەھۋالدا تېخىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك. ئۇلارغا، خاتالىقىنى بايقاپ قاپتۇ، دېگەن تەسىرنى بېرىپ قويماڭ. ئۇلارنىڭ ئۆز خاتالىقىنى ئۆزى بايقاپ، ئۆزىنىڭ تۈزىتىۋېلىشىغا تۈرتكە بولۇڭ. غۇرۇرىغا تەگمەڭ.

كىشىلەر بىلەن ئالاقىدە بولغان مۇنداق ئەدەپنى ئۇنتۇماڭ. چاقچاقنى ئاشۇرۇۋەتمەڭ. چاكىنا ۋە تەنە گەپلەر بىلەن باشقىلارنىڭ چىشىغا تەگمەڭ. بۇنداق گەپلەر كىشىلەر ئۆزىنى ئىپادىلەشكە ئالدىراپ كەتكەندە، بىلىپ ـ بىلمەي ئېغىزدىن چىقىپ كېتىدۇ.

باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقە مەلۇم ئىشەنچ ئاساسىغا قۇرۇلمىسا ئۇزاق داۋاملىشالمايدۇ. بۇنداق ئىشەنچ چوقۇم ئۆزئارا بولۇشى كېرەك. باشقىلارغا ئىشەنچ تۇيغۇسى ئاتا قىلىش، بۇ تۇتۇرۇقسىز ئادەمكەنغۇ، دېگەن تەسىرنى بېرىپ قويماسلىق كېرەك.



## ئۆزىڭىزنىڭ قىزىقىشىنى بىلىۋېلىڭ

بەزىلەر ناھايىتى ئەقىللىق، لېكىن قىزىقىشى ئاز بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ قىزىقىشى ناھايىتى مول، لېكىن دۆترەك بولىدۇ.

قىزىقىش دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ناھايىتى كۆپ. بىزنى مەلۇم شەيئىلەرگە باشلاپ بارىدىغان قىزىقىشمۇ مەۋجۇت. بىزنى مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە مەلۇم شەيئىنى تونۇشقا باشلاپ بارىدىغان قىزىقىشمۇ مەۋجۇت. لېكىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. مەسىلەن، بىز كومېدىيىگە قىزىقىمىز، لېكىن بىزنىڭ قىزىقىشىمىز سەزگۈر ۋە ئىنچىكە بولغان كومېدىيىگە باھا بېرىش دەرىجىسىگە يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. بىزدە خېلى ياخشى باھا بېرىش ئىقتىدارىنىڭ بولۇشى بىلەنلا كومېدىيىنى ياخشى كۆرمەسلىكىمىز مۇمكىن. بەزى قىزىقىش بىزنى ئالدىمىزدا پەيدا بولغان نەرسىگە بىلدۈرمەي يېقىنلاشتۇرىدۇ. يەنە بىر خىل قىزىقىش مەجبۇرلاش ۋاسىتىسى بىلەن بىزنى مەلۇم نەرسىلەرگە قىزىقتۇرۇشى مۇمكىن.

بەزىلەرنىڭ قىزىقىشى پۈتۈنلەي خاتا. بەزىلەرنىڭ مەلۇم ئىش ھەققىدىكى قىزىقىشى ناتوغرا. ئو-



ئاي چۈشەنگىلى بولىدىغان ئىشلارغا نىسبەتەن قىزى-
قىشى ئېنىق ۋە توغرا بولۇشى مۇمكىن. بەزى كى-
شىلەرنىڭ قىزىقىشى شۇنداق غەلىتە بولىدۇ. ئۆزى
شۇنداق ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، لېكىن ئۆزگەرتىشنى
خالىمايدۇ. بەزىلەرنىڭ قىزىقىشى ناھايىتى ئوخـاي
ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ئۆزگىرىپ
كېتىدۇ. دوستىنىڭ بىر ئېغىز گېپى بەزىدە ئۇنى
چەكسىز شادلاندۇرسا، بەزىدە چوڭقۇر ئازابقا سېلىشى
مۇمكىن. بەزىلەرنى قىزىقىشنىڭ قۇلى، دەپ قاراش
مۇمكىن. ئۇلار ھەممە ئىشتا قىزىقىشىغا بويسۇنىدۇ.
بەزىلەر گۈزەل نەرسىلەرگە قىزىقىدۇ. قارىماققا سەت
نەرسىلەردىن يىرگىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزقارىشى رو-
شەن ۋە ئېنىق. ئۇلار ئۆزىنىڭ پاراستى ۋە ھۆكۈم
قىلىش ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئۆز قىزىقىشىنىڭ سە-
ۋەبىنى تېپىپ چىقالايدۇ.

بەزىلەردە سەۋەبىنى بىلمىسىمۇ دۇچ كەلگەن
چاغدا توغرا ھۆكۈم چىقىرالايدىغان تۇغما ئىقتىدار
مەۋجۇت. بۇنداق كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنىڭ پارا-
ستىدىن ئۈستۈن تۇرۇشىدىكى سەۋەب، غۇرۇر ۋە
قىزىقىشى ئۇلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارىغا بېسىم پەيدا
قىلمىغان. ئۇلاردا ھەممە ئىقتىدار بىرلىكتە ھەرى-
كەتلىنىدۇ، ھەممىسى بىردەك بولىدۇ. بۇ خىل
ئىقتىدار ئۇلارنىڭ توغرا ھۆكۈمىنى كەلتۈرۈپ



چىقىرىپ بىر ھەقىقىي ئۇقۇمنى شەكىللەندۈرىدۇ. لېكىن نۇرغۇن ئادەملەردە مۇقىم، مۇستەقىل قىزىقىش بولمايدۇ. ئۇلار ئۆلگە ئىزدەيدۇ. ئادەت قوغلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قىزىقىشى باشقىلارنى ئۆلگە قىلىش ۋە ئادەت ئاساسىدا پەيدا بولىدۇ.

بايا بىز تىلغا ئالغان شۇنداق ئالىيجاناب، ئېسىل بىر خىل قىزىقىشمۇ مەۋجۇت. ئۇ ھەرقانداق ئىشقا باھا بېرەلەيدۇ ۋە ھەرقانداق بىر شەيئىنىڭ پۈتۈن قىممىتىگە باھا بېرەلەيدۇ. لېكىن بۇنداق قىزىقىش بەكمۇ كەم ئۇچرايدۇ. ئۇ بىلىمنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بىز ئادەتتە بىز بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتى يوق شەيئىلەرگە توغرا ھۆكۈم قىلىمىز. لېكىن بۇنداق ھۆكۈم ئۆزىمىزگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارغا كۆچكەندە بىزنىڭ قىزىقىشىمىزدىكى بىر خىل مۇقەررەر توغرىلىق يوقىلىپ، رېئال ئېھتىياجىمىز ھۆكۈمىمىزنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق نەرسىلەر باشقا بىر قىياپەتتە ئايان بولىدۇ. ھەرقانداق ئادەم ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ۋە مۇناسىۋەتسىز شەيئىلەرگە بىرلا خىل كۆز بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا قادىر ئەمەس. قىزىقىشىمىز كەيپىياتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. غۇرۇرىمىز ۋە قىزىقىشىمىز بىزدە يېڭى كۆزقاراش پەيدا قىلىدۇ. بىز چەكلىك ئۆزگىرىش ۋە ئىككىلىنىش ئىچىدە



گاڭگىراپ قالىمىز. قىزىقىشىمىز ئەمدى ئۆزىمىزگە تەۋە بولماي قالىدۇ. بىز قىزىقىشىمىزنى قايتا قول- لىمايدىغان بولۇپ قالىمىز. ئۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆزگى- رىشكە باشلايدۇ. ئوخشاش شەيئى ئوخشىمىغان نۇق- تىدىن ئايان بولۇپ، ئاخىردا بىز كۆرگەن ۋە ھېس قىلغان نەرسىلەرنى تونۇيالماي قالىمىز.



## سېخىيلىق قوغلىشىش خەتەرلىكتۇر

باشقىلار تەرىپىدىن سېخىي دەپ قارىلىش ياخشى ئىش. لېكىن مەرد ـ سېخىيلىق ئەمەلىيەتتە مەنپە-
ئەتىڭىزگە زىيانلىق ئىشقا ئايلىنىدۇ. مەرد ـ سېخىي بولمەن دېسىڭىز نام چىقىرالمايلا قالماستىن،
ئەكسىچە ناچار نامغا ئىگە بولۇپ قېلىشىڭىز مۇم-
كىن. ناۋادا بىر ئادەم سېخىي دېگەن ئاتاقنى ئالىمەن دېسە، نۇرغۇن ھەشەمەتلىك ئىشلارنى قىلىشقا توغرا
كېلىدۇ. ھەتتا شۇنداق خاراكتېردىكى ئادەم مۇشۇ ئىش ئۈچۈن بارلىق بايلىقىدىن ئايرىلىپ قېلىشى
مۇمكىن. شۇڭا ئۇ سېخىيلىق نامىنى ساقلايمەن دې-
سە، بار ئامال بىلەن پۇل تېپىشى، ھەشەمەت قوغ-
لىشىشى كېرەك. لېكىن بۇنداق قىلىش باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغايدۇ، ھەتتا باشقىلارنىڭ نەپرىتىگە
سەۋەب بولىدۇ. ئۆزى قىيىنچىلىقتا قالغاندا باشقى-
لارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ. بۇنداق نۇرغۇن ئادەم زىيان تارتىدىغان، ئاز ساندىكى ئادەملەر پايدا ئا-
لىدىغان ھەرىكەت شەكلى ئادەمگە قۇتۇلغۇسىز ئاۋارە-
چىلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. ئۇنىڭ كەسپى ھەرقانداق بىر ئاپەت تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرايدۇ. ناۋادا ئۇ مۇشۇ
چاغدا خەتەرنى تونۇپ، ھەرىكەت شەكلىنى ئۆزگەرتە-
مەن دېسە، شۇ ھامان باشقىلارنىڭ پىخسىق دېگەن



ئاتىقىغا قالىدۇ.

دۇنيادا سېخىيلىقتىن ئارتۇق ئادەمنى ھاردۇرىدىغان خاراكتېر يوق. سىز ئۇنىڭغا ئېرىشكەن ھامان ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ھوقۇقىنى يوقىتىپ قويىسىز. سىز شۇ سەۋەبتىن كەمبەغەل بولۇپ كەتمىسىڭىزمۇ رەزىللىشىپ كېتىشىڭىز مۇمكىن. ناۋادا سىز سېخىيلىق تۈپەيلىدىن نامراتلىشىپ كەتمەي دېسىڭىز، مال - مۈلۈك توپلىغانلىقىڭىز ئۈچۈن باشقىلارنىڭ نەپرىتىگە قالىسىز. جەمئىيەتتە يىقىلماس ئورۇنغا ئىگە بولىمەن دېگەن ئادەم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىش باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىگە، نەپرىتىگە قالماسلىق كېرەك. شۇڭا، نىسبەتەن ئاقىلراق ئۇسۇل، پىخسىق دەپ ئاتالساڭ مەيلى — چۈنكى ئۇ نومۇسلۇق ئىش بولسىمۇ باشقىلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغىمايدۇ — مەرد - سېخىي دېگەن نامنى دەپ، ئاچكۆز دېگەن ھاقارەتكە قالماڭ. بۇ ئاتاق ھەم نومۇسلۇق ھەم نەپرەتلىكتۇر.



## ئىقتىسادچىللىق ئەڭ توغرا سېخىيلىقتۇر

سېخىيلىقتا ئىنتىلىش خەتەرلىكتۇر. بۇ گەپكە ئېھتىياتچان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئىشىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ مەسخىرە قىلىشىغىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇنداق كىشىلەرمۇ مەرد دەپ قارىلىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئادەم ئىقتىسادچانلىق ئارقىلىق بېيىغاندا، ئۆزىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلىيەلەيدىغان ۋە تەۋەككۇل قىلالايدىغان بولغاندا، ھېچكىم ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنمىگەندە، ئاندىن تەبىئىي ھالدا، نۇرغۇن ئادەمگە سېخىيلىق كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئۇ باشقىلاردىن بىر نەرسە تەلەپ قىلمايدۇ. ئۇنى پىخسىق، دەپ قارايدىغان كىشىلەرمۇ كۆپ ئەمەس. تارىختا پىخسىق، دەپ ئاتالغان پادىشاھلار نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالىغان. سېخىيلىق قوغلاشقان پادىشاھلار ئاخىر ھالاك بولغان. پاپا يولىئۇس II، پاپا بولۇشتا مەرد ـ سېخىي دېگەن نامدىن پايدىلانغانىدى. لېكىن تەختكە چىقىپلا ئىككىنچى سېخىيلىق قىلماس بولدى. شۇڭا ئۇ جەڭ قىلىشقا قادىر بولدى. نۇرغۇن ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ پۇقرالارغا سېلىق سالماستىن ئارمىيىسىنى بېقىپ كېتەلىگەچكە ھېچكىم ئۇنىڭدىن نارازى بولمىدى.



شۇڭا ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بىر ئېھتىياتچان ئادەم باشقىلارنىڭ نەپرىتىنى قوزغىمايمەن، نامراتلىشىپ كەمسىتىلمەيمەن، دەپ قارىسا، ئىقتىسادچىل بولۇشى كېرەك. كىشىلەر ئۇنى پىخسىق دېسىمۇ مەيلى.



## ئىسراپ قىلار بولسىڭىز باشقىلارنىڭ مۈلكىنى ئىسراپ قىلىڭ

كىشىلەر قەيسەرنى مەرد ـ سېخىي بولغاچقا رىم ئىمپېرىيىسىنى قۇرالىدى، نۇرغۇن كىشىلەر سېخىيلىقتا تايىنىپ ھوقۇق پىرامىداسىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىقالىدى، دېيىشىدۇ. مېنىڭ قارىشىم مۇنداق: مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ بولغان ئادەم ئۈچۈن سېخىيلىق زىيانلىق؛ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يولىدا كېتىۋاتقان ئادەم ئۈچۈن سېخىيلىق پايدىلىق. قەيسەرمۇ شۇنداق قىلغانىدى. ئۇ ئىمپېرىيە تەختىگە چىقىش جەريانىدا مەرد ـ سېخىي دەپ نام ئالغان، تەختكە چىققاندىن كېيىن مەردلىك قىلماس بولغانىدى. ناۋادا ئۇ داۋاملىق مەردلىك قىلغان بولسا، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمايتتى. مېنىڭچە، ھۆكۈمرانلارنىڭ خەجلەيدىغان پۇلى كۆپىنچە پۇقرالارنىڭ پۇلىدۇر. ئۇ قوشۇن باشلاپ ئۇرۇش قىلغاندا ئارمىيىگە سېخىيلىق قىلىشى كېرەك. لېكىن باشقا چاغدا ئىقتىسادچىل بولمىسىڭىز ھالاكەت يېنىڭىزدىلا.



## باشقىلارنىڭ سىزگە ئېھتىياجى چۈشسۇن

ئامىتىڭىز كەلگەن چاغدا نۇرغۇن ئادەم سىز بىلەن دوست بولىدۇ، سىزنى ياخشى كۆرىدۇ. سىزنى پالاكەت باسقان كۈنى ئەتراپىڭىزدا پەرۋانە بولۇپ چۆرگىلەپ يۈرگەنلەرنىڭ ھەممىسى سىزدىن قاچىدۇ ، بىرەرمۇ ئىشەنچلىك ئادەم تاپالمايسىز.

ئەڭ ياخشى چارە، ئەتراپىڭىزدىكى ئادەملەر بىلەن ئۆتتۈرىڭىزدا بىر خىل بويسۇنۇش مۇناسىۋىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈشتۇر. قول ئاستىڭىزدىكىلەر سىز بولمىسىڭىز ھېچ ئىش قىلالمايدىغان، سىزسىز ئىش قىلىش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ بەدەل تۆلەيدىغان بىر خىل مۇناسىۋەت شەكىللەنسە، زادى مەغلۇپ بولمايسىز. باشقىلارنى ئۆز ئارزۇيىڭىز بويىچە ئىش قىلدۇرالايسىز.

باشقىلارنى ماڭا ئىشىنىدۇ، مېنى ياخشى كۆرىدۇ، دەپ ئەخمەق بولماڭ. ھېسسىياتقا تايىنىپ تىكلىگەن ئورۇن مۇستەھكەم بولمايدۇ. قورقۇنچ تۇيغۇسى ھېسسىيات مۇھەببەتتىن ئىشەنچلىكتۇر.



## «بىلىمەن» دېيىش ئەڭ بىلىمسىزلىكتۇر

بىلىمەن دېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەر ئەڭ بىلىمسىز ئادەملەردۇر. ئۇلارنىڭ كاللىسى ياد- لىۋالغان ئۆلۈك نەرسىلەر بىلەن لىق تولغان بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆزى يەكۈنلىگەن تەجرى- بە - ساۋاقلىرى بولمايدۇ.

« بىلمەيمەن » دېگەن بۇ سۆزنى ھەممىنى بى- لىدىغان كىشىلەر ئېيتالايدۇ.

تەجرىبە ئارقىلىق يەكۈنلەنگەن ھەقىقەت ئاقىل ۋە ئېھتىياتچان ئادەمنى تېخىمۇ كەمتەر قىلىدۇ. ئەلۋەتتە سىزمۇ شۇنداق بولىسىز. بىلگىلى تۇرغان- سېرى بىلمىدىم دېيىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قى- لىسىز. سىز بۇ ھەقىقەتنى تولۇق بىلىۋالغان كۈنى بىر ھەقىقىي پاراسەت ئىگىسى كەبى « مەن ئەڭ بى- لىمسىز ئادەم، مەن خۇددى ساھىلدا قۇلۇلە قېپى تېرىۋاتقان بالا، ھېچنېمىنى بىلمەيمەن » دېيىشى- ڭىز مۇمكىن.

خىزمەت ئورنىڭىزنىڭ يۇقىرىلىقى، سالاھىيىتىڭىزنىڭ كاتتىلىقى سەۋەبلىك باشقىلارغا ھاكاۋۇرلۇق قىلماڭ. بىلىملىك ئىكەنلىكىڭىزنى خالىغانچە ئاشكارا قىلىپ قويماڭ. ئىنكاسىم تېز،



ئۇتۇقۇم راۋان، دەپ قاراپ ھەممە يەردە باشقىلار بىلەن بەس تالىشىپ يۈرمەڭ. باتۇر ۋە قەيسەرمەن، دەپ غەلىبە قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەڭ. سىز ھەرقانچە ئىقتىدارلىق بولۇپ كەتسىڭىزمۇ كەمتەر بولۇڭ. چۈنكى، ئەڭ ئاقىل كىشىلەر شۇنچە بىلىملىك تۇرۇپ نادان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ماھارىتى ھەممىدىن ئېشىپ چۈشسىمۇ ھەمىشە كەمتەر بولىدۇ. شۇنچىلىك باتۇر بولسىمۇ قورققان قىياپەتتە يۈرىدۇ. شۇنچىلىك باي بولسىمۇ بۇزۇپ چاچمايدۇ. مانا بۇ بەزى كىشىلەرنىڭ ئورنىنىڭ شۇنچە يۇقىرى، لېكىن خەۋپ-خەتەردىن خالىي، شۇنچە يۇقىرى مەرتىۋىلىك تۇرۇپمۇ قىلچە زىيان-زەخمەتسىز ياشىشىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبى.



## باشقىلارنىڭ سىزگە سەل قارىشى خەتەرلىكتۇر

پادىشاھ كومىنتىس ماگۇسنىڭ ئوغلى بولۇپ قانۇن بويىچە دادىسىنىڭ ئورنىغا ۋارىسلىق قىلغانىدى. ئاۋادا ئۇ دادىسىنىڭ يولى بىلەن ماڭغان بولسا، پۇقرادىن ئەسكەرگىچە ھەممىسى رازى بولۇپ پادىشاھلىق ئورنىدىن مەسىلە چىقمايتتى. لېكىن ئۇ زوراۋانلىق ۋە ياۋۇزلۇق بىلەن دۆلەت باشقۇردى، خەلقنى ئەزدى. ئەسكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالىمەن، دەپ رايىغا قويۇۋەتتى، شۇڭا پۇقرالار ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ پادىشاھلىق ئىززەت - ئابرۇيىنى ئۇنتۇپ ئويۇنخانىلاردا پالۋانلار بىلەن بەسلەشتى. نۇرغۇن كىشى ئۇنى بىر تەنتەك پادىشاھ ئىكەن، دەپ قارىدى. بۇنداق ئەھۋال ئەسكەرلەرنىڭ كۆزىگە زادى سىغمىدى. شۇڭا ئۇ ئەڭ ئاخىر قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

ماكسىمىنس بەكمۇ ئۇرۇشخۇمار ئادەم ئىدى. پادىشاھ ئالېكساندىر ئايال مىجەز ئادەم بولغاچقا، ئەسكەرلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ ئورنىغا ماكسىمىنس چىقتى. لېكىن بۇ پادىشاھلىق ئۇزاق داۋاملاشمىدى.



ئۇنىڭ ئىككى ئىشى كىشىلەر كۆزىگە سىغمىدى . بىرىنچىسى ئۇ ئاددىي ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ سىلىستا پادىچىلىق قىلغانىدى. ھەممە كىشى بۇ ئىشتىن خەۋەردار ئىدى. بۇ ئىش نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇنى كۆزگە ئىلماسلىقىغا سەۋەب بولغان . يەنە بىر ئىش ئۇ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن دەرھال رىمغا بېرىپ تەختكە ئولتۇرمىدى . بۇنىڭدىن باشقا يەنە رىم ۋە باشقا جايدىكى ئەمەلدارلار ئۇنىڭ نامىنى سېتىپ نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋەھشىي ئادەم، دەپ سېسىق نام ئالدى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى پەس ئائىلىدىن كېلىپ چىققان، دەپ كۆزگە ئىلمىغانلىقى ئۈستىگە، ۋەھشىي، ياۋۇز دەپ نەپرەتلەندى. ئۇنىڭغا قارشى بىر پىلان مەيدانغا چىقىپ ئالدى بىلەن، ئافرىقىدا ھەرىكەت باشلاندى. ئاندىن ئىتالىيىگە، رىمغا ۋە باشقا جايلارغا كېڭەيدى. ئارمىيىمۇ ئۇنىڭغا ئاسىيلىق قىلدى. چۈنكى ئۇ ئاكۋىلىيىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندا قەبىھ ۋە ۋەھشىيلىكى بىلەن نۇرغۇن دۈشمەن تېپىۋالغانىدى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى ئوڭايلا ئۆلتۈرۈپ تاشلاشتى.

سىز بۇ ئىككى پادىشاھنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىش سەۋەبى ھەققىدە ئىنچىكە ئويلانسىڭىز، مەسىلىنىڭ نېگىزىنى تېپىپ چىقالايسىز. بۇ ئىككىيلەن يا كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان، يا بولمىسا



باشقىلارنىڭ سەل قارىشىغا، كۆزگە ئىلماسلىقىغا دۇچ كەلگەن.

شۇڭا ئەقىللىق ئادەم ھەر دائىم ئېھتىيات قىلىشى، كىشىلەرنىڭ نەپرىتىدىن، كۆزگە ئىلماسلىقىدىن ساقلىنىشى لازىم. چۈنكى، باشقىلارنىڭ كۆزگە ئىلماسلىقى ماھىيەتتە سىزگە قېرىلىغان گۆردۇر. باشقىلارنىڭ كۆزگە ئىلماسلىقى بەك خەتەرلىكتۇر.



## باشقىلار بىلەن ئەپ ئۆتۈشنىڭ يولى

ئىدىيە ناھايىتى رەڭدار ۋە باي بولۇشى كېرەك. ئىدىيىسىنىڭ تايىنى يوق كىشىلەر ناھايىتى ئوڭاي باشقىلارنىڭ بىزارلىقىنى قوزغايدۇ. كىشىلەرنىڭ تاللىغان يولى ئوخشاش بولمىسا، كۆز قارىشىمۇ پەرقلەنسە، ئىقتىدارىدىمۇ ئېگىز - پەسلىك بولسا كېرەك يوق. لېكىن بىر ئوركېستىردىكى ھەر خىل سازلارنى چېلىۋاتقان مۇزىكانتلار بىرلىككە كەلگەن نوتىغا بويسۇنغاندەك، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى مەركەز قىلىشى كېرەك.

ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتى ئوخشاش بولمايدۇ. كوللېكتىپنىڭ تىنچ - ئامانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدە زىددىيەت پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. بىز دوستلىرىمىز خۇشال بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن چارە ئىزدىشىمىز، ئۇلارنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىشىمىز، تۈگىتىپ بېرەلمىسەكمۇ ئورتاقلىششقا تەييار ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ قويۇشىمىز كېرەك. ئۇلارنىڭ دەرد - ھەسرىتىنى بىلىندۈرمەي يوق قىلىش



ئەڭ ياخشى ئامالدۇر. بىز بۇ دەرد ـ ھەسرەتلەرنى بىر يولى يوق قىلىمىز دەپ قارىماي، باشقا ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلار بىلەن دوستىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشىمىز ياكى ئامال قىلىپ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى باشقا ئىشقا بۇرىۋېتىشىمىز لازىم. ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە پاراڭلاشقاندا ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلىش چېكىگە قەدەر يېقىنلىشىش كېرەككى ئۇلارنىڭ ئىچكى سىرلىرىغا چېقىلىشقا بولمايدۇ. ئۆزىگە مەلۇم سىرلارنى ئېچىپ تاشلاش، ئۇلارنى تەڭقىسلىقتا قويىدۇ. ھېچكىم بىلمىگەن سىرلىرىنى ئېچىپ تاشلاش ئۇلارنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدۇ. ئەدەپ ـ قائىدىگە دىققەت قىلىش كېرەك. پاراڭلاشقاندا ھەرقانچە ئېچىلىپ كەتكەندىمۇ مەلۇم چەك بارلىقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەر باشقىلارنىڭ تۈگىمەس پىكىرلىرىنى ئاڭلاشنى خالىمايدۇ. كىشىلەر باشقىلارنىڭ مەلۇم دەرىجىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشىنى قوبۇل قىلىسىمۇ ھەممە ئىشتا پەند ـ نەسىھەت ئاڭلاۋېرىشنى خالاپ كەتمەيدۇ. باشقىلارنىڭ ھەر خىل ئىچكى سىرلىرىنى بىلىپ كېتىشىدىن قورقىدۇ.

ھەر خىل شەيئىلەرنى كۆزەتكەندە مەلۇم ئارىلىق قويۇش زۆرۈر بولغاندەك، ئىجتىمائىي ئالاقىدىمۇ مەلۇم ئارىلىق قويۇلۇشى، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس كۆزىتىش ئورنى بولۇشى، ھەتتا شۇ ئورۇندا باشقىلارنىڭ



كۆزىتىشىگە رازى بولغان بولۇشى كېرەك. كىشىلەر بەك يېقىن ئارىلىقتىن كۆزىتىپ، ھەممە ئىشىنىڭ ئوچۇق - ئاشكارا بولۇپ كېتىشىنى خالىمايدۇ. مەيلى نېمە دەيلى ھېچكىم ھەرقانداق ئىشتا ئۆز ماھىيىتىنىڭ بەكمۇ ئوچۇق - ئاشكارا بولۇپ كېتىشىنى خالىمايدۇ. بۇ بىر ھەقىقەت.



## ئەڭ ياخشىسى باشقىلار بىلەن سىرداشماڭ

كىشىلەر ھەمىشە شۆھرەتخورلۇقتىن، پاراڭلىشىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىنى قوزغاش ۋە ئۇلارنىڭ مەخپىيەتلىكلىرىنى بىلىش ئۈچۈن سىرىنى ئاشكارىلىۋېتىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ بىزگە ئىشەنگۈدەك سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىزنىڭ ئۇلارغا ئىشەنگۈدەك سەۋەبىمىز بولۇشى ناتايىن. بۇنداق ئادەملەرنىڭ سىرىنى ساقلاش كېرەك. لېكىن جاۋابەن ئانچە مۇھىم بولمىغان سىرلارنى ئېيتىپ بېرىش كېرەك. يەنە مۇنداق كىشىلەر بار: ئۇلارنىڭ سادىقلىقىدىن گۇمان قىلمايمىز. ئۇلار بىزگە ھەرگىز ئالا كۆڭۈللۈك قىلمايدۇ. بۇنداق كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش، ئىشىنىش كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىدىمۇ قىلچە مەخپىيەتلىك قويماي كەمچىلىكلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ ھەقىقىي نەرسىلەرنى دەپ بېرىشىمىز، مۇبالىغە قىلماسلىقىمىز، كىچىكلەتمەسلىكىمىز كېرەك. كېكەچلەپ قالماسلىق كېرەك. بۇنداق ھالەت ئادەمنى تەڭقىسلىقتا قويىدۇ. ئاڭلىغۇچىدا گۇمان پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى، سىزنىڭ ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىڭىز يوشۇرۇۋاتقان نەرسىگە



مەركەزلەشتۇرۇشىڭىز ئۇلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش، ئۇلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى بىلىش ھوقۇقۇم باركەنغۇ، دېگەن تەسىرات پەيدا قىلىش ئۇچۇندۇر. ئەمما باشقا كىشىلەرگە نىسبەتەن بۇنداق ھوقۇقنى بەرمەسلىك، تىلىڭىزنىڭ ئۇچىغا كېلىپقالغان گەپلەرنىمۇ يۇتۇۋېتىشىڭىز كېرەك.

باشقىلارنىڭ مەخپىيىتىگە نىسبەتەن بىزمۇ بىر قىسىم ئىشلارغا رىئايە قىلىشىمىز، ئاڭلىغان سىر قانچە مۇھىم بولسا شۇنچە ئېھتىيات قىلىشىمىز ۋە سادىق بولۇشىمىز لازىم. مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان ئىش ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. لېكىن مەخپىيەتلىكنىڭ خاراكتېرىگە بولغان تونۇشنىڭ بىردەك بولۇشى ناتايىن. نېمىنى دېيىش، نېمىنى دېمەسلىك ھەققىدە ئۇزاق ئويلىنىش كېرەك. ھەرقانداق ۋاقىتتا ساقلاشقا تېگىشلىك مەخپىيەت بەكمۇ ئاز بولىدۇ. ئاشكارىلاپ قويماسلىققا نىسبەتەن قوزغالغان ھوشيارلىقنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشى ناتايىن.

كىشىلەر ھامان ئۆزى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان سادىق دوستلىرى بىلەن زىچ ئالاقىدە بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇلار بىز بىلەن پاراڭلاشقاندا كۆڭلىدىكىنى قىلچە يوشۇرمايدۇ. بىزمۇ شۇنداق قىلىمىز. ئۇلار بىزنىڭ قانداق ئادەملىكىمىزنى بىلىدۇ. ئۇلار بىزدىكى ئەڭ



كىچىك ئۆزگىرىشنىمۇ بايقاپ تۇرىدۇ. ئۇلار يەنە بىز
ھېچكىمگە ئاشكارىلىماسلىقتا ۋەدە بەرگەن ئىشلارنى-
مۇ بىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن باشقىلار بىزگە دەپ بەر-
گەن ئىشلارنى ئۇلارغا ئاشكارىلاش ھوقۇقىمىز يوق.
بۇ ئىشلارنى ئۇلارنىڭ بىلگۈسى كېلىپ تۇرغان تەق-
دىردىمۇ، ئۇلارغا ئۆزىمىزگە ئىشەنگەندەك ئىشىنى-
شىمىز بىزنى مۇنداق بىر رەھىمسىز رېئاللىقتا يۈز-
لەندۈرىدۇ: يا بىز بۇنداق دوستلۇقتىن مەھرۇم قال-
مىز، ياكى مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ۋەدىمىزگە خى-
لاپلىق قىلىپ قويىمىز. بۇنداق ئەھۋال شۇبھىسىز-
كى ساداقەتلىككە قارىتا ئەڭ رەھىمسىز سىناقتۇر.
لېكىن بۇنداق سىناق مەردانە ئادەملەرنى تەۋرىتەلمەيدۇ.
دەل مۇشۇ چاغدا ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىنىڭ باشقىلار
ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.
دوستلار ئارا ئۆتەشكە تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم مەسئۇ-
لىيەت، باشقىلار ھاۋالە قىلغان ئامانەتكە خىيانەت
قىلماسلىق. سىرداشقاندا سۆزگە دىققەت قىلىپ قال-
ماستىن سۆز ئۇرامىغىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك.
سۆز ۋە چىراي قىياپىتىدىن باشقىلارغا ھېچقانداق
ئىشنى بىلدۈرۈپ قويماسلىق كېرەك. چۈنكى، دىق-
قەت قىلمىساق باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزى
سۆزلەشنى خالىمىغان ئىشلارغا باشلاپ قويۇشتىن
خالىي بولغىلى بولمايدۇ.



كىشىلەر كۈچ - قۇدرەت ۋە ئېھتىياتچانلىق بىلەن دوستلىرىنىڭ زوراۋانلىقىغا قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر. ئۇلار بىزنى چوقۇم ئۆزىگە ئىشىنىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. بىز ئۇلارغا بۇنداق تىزگىنسىز ھوقۇقنى ھەرگىز بەرمەسلىكىمىز كېرەك. ئۇلارغا بەزى ئىشلارنىڭ ئۇلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشىمىز، نارازى بولسا كارىمىز بولماسلىقى كېرەك. مۇلايىملىق بىلەن چۈشەندۈرسەكمۇ بولىدۇ. ناۋادا ئۇلار ئاڭلىمىسا بۇنداق دوستلۇقنى مەسئۇلىيەت ئۈچۈن قۇربان قىلساقمۇ مەيلى. ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىككى خىل زىيان ئوتتۇرىسىدىن بىرىنى تاللاش شۇنداقلا توغرا كەلگەندە تولۇقلىغىلى بولىدىغان زىياننى تاللاش ئاقىللارنىڭ ئىشىدۇر.



## ئۆزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلغان ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك ھەرىكەتلەر باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ

ئادەتتىكى ئادەملەرگە شان ـ شۆھرەت ۋە ئابرۇي ئاتا قىلىدىغان ئىشلار ئۇلۇغۋار پىلان بىلەن ئىگىلىك تىكلەپ ئۆز ئىقتىدارىنى نامايان قىلىشتۇر. ئىسپانىيىنىڭ پادىشاھى ئارگونادىن پىدنەن دەل شۇنداق كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالىدۇر. ئۇ ئەسلىدە ئاتاق داۋرىڭى يوق پادىشاھ ئىدى. ئابرۇي ۋە شان ـ شۆھرىتى ئۇنى خرىستىئان دىنى دۆلەتلىرىدىكى ئەڭ كاتتا پادىشاھقا ئايلاندۇردى. بىز ئۇنىڭ ئىشلىرىنى كۆزەتسەك بۇ ئىشلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ كۆلىمى شۇنچە چوڭ بولۇپ قالماي بەكمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقىنى بايقايمىز. ئۇ پادىشاھلىق ئورنىغا چىققان دەسلەپكى يىللاردا گېرىناداغا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ھۇجۇم ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى. ئۇ، بۇ ئۇرۇشنى ھېچنېمىدىن قورقماي ئېلىپ باردى. توسقۇنلۇققا ئۇچراشتىنمۇ ئەنسىرىمىدى. كاستىر بەگلىكىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ئۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، پادىشاھ ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىسلاھاتلارغا دىققەت قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. كېيىن ئۇلار ئۆزىنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي پادىشاھنىڭ شان ـ شۆھرىتى ۋە



ھوقۇقىنىڭ تىزگىنىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىشتى. پادىشاھ بۇ جەرياندا دىنىي جەمئىيەت ۋە خەلقنىڭ پۇلى، ئارمىيىنى بېقىشقا قادىر بولغان بۇ ئۇزاق مەزگىللىك ئۇرۇش ئارقىلىق ئۆز ئارمىيىسىگە ئۇل سالغانىدى. دەل شۇ ئارمىيە ئۇنىڭ نامىنى چىقاردى. ئۇ تېخىمۇ چوڭ ئىشلارنى قىلىش ئۈچۈن دىنىي نىقابتىن پايدىلاندى. ئۇ دىنىي زوراۋانلىق قىلىپ بارلىق مورلارنى ئىمپېرىيە تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقاردى. دۇنيادا بۇنىڭدىن ئارتۇق پاجىئەلىك ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىش بولماس. ئۇ ئوخشاش دىنىي نىقاب ئاستىدا ئافرىقىغا ھۇجۇم قىلدى. ئىتالىيىگە ئەسكەر چىقاردى. ئەڭ ئاخىردا فرانسىيىگە ھۇجۇم قىلدى. ئۇ مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ئۈزلۈكسىز پىلانلىدى. بۇ ئۇلۇغۋار ئىشلار ئۇنىڭ خەلقىنى بارىكاللا ساداسىغا غەرق قىلدى. ھەممە كىشى ئۇنىڭ ئىشلىرىغا دىققەت قىلىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئۇلۇغۋار ئىشلار ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز بېرىپ تۇرغاچقا كىشىلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ چوقۇنىدىغان بولۇپ كەتتى.

مىلاندىكى بوناپ جانابلىرىمۇ بىر قاتار قالتىس ئىشلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى نامايان قىلدى. بۇ ئىشلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن بەكمۇ پايدىلىقتۇر. سىز



قىلغان ئىشلار كىشىلەرنى چۆچۈتەلىسە، ھەيران قالدۇرالىسا، سىز بۇنداق ئىشلارنى توختىماي قىلىپ تۇرسىڭىز، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشمەي قالمايسىز. لېكىن ئەڭ مۇھىمى ھەربىر ئىشنى قىلغاندا ئۆزىڭىزگە ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلغۇچى دانا ئادەم دېگەن ئاتاقنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىڭ.



## زۆرۈرى ساغلام روھ

ھەممە كىشى كۆڭلۈم ياخشى دېيەلەيدۇ. لېكىن روھىم ياخشى دېيەلمەيدۇ. روھنى تونۇيالىغان ئادەمنىڭ كۆڭۈلنى تونۇپ كېتىشى ناتايىن. روھ ئۇزاق مەزگىللىكچە كۆڭۈلنىڭ رولىنى ئېلىشقا قادىر ئەمەس. روھ باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈلنىڭ ئالدىشغا ئۇچراپ تۇرىدۇ.

روھنىڭ كۆچلۈك ياكى ئاجىزلىقى بەدەن ئەزالىرىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا باغلىق. يىللارنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ روھتىكى ئىللەتلەر چىرايدىكى قورۇقلاردەك كۆپىيىپ كېتىدۇ.

روھنىڭ ئۇلۇغلۇقى گۈزەل ۋە ياخشى نەرسىلەر ھەققىدە پىكىر قىلىشتا كۆرۈلىدۇ. ئالىيجاناب روھ ئادەم ياخشى كۆرگەن نەرسىلەر ھەققىدە ئادەمنى شادلاندۇرىدىغان بىر خىل شەكىلدە پارلاق قىلالايدۇ.

ھەمىشە شۇنداق بولىدۇ. شەيئىلەر ئۆزى چوقۇنىدىغان روھ ئالدىدا ئەڭ مۇكەممەل ئايان بولىدۇ. ئاددىي ۋە مەنىلىك سۆزلەش ئۇلۇغۋار روھنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئەرزىمەس روھنىڭ ئۇششاق گېپى تولا بولىدۇ. ئەرزىمەس ئىشلار ئارىسىدا قالىدۇ. ئۇلۇغ روھ بۇنداق ئىشلاردىن خالىي بولىدۇ. چاكىنا روھ



ئۆزىنىڭ ئەقلىي دائىرىسىدىن ئېشىپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئەيىبلەيدۇ. ساغلام روھ بۇنداق ئىشلارغا توغرا قارايدۇ. شۇڭا ئازراق ئازابلىنىدۇ.

روھنىڭ تارلىقى كاجلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كىشىلەر نەزىرىدىن بەكمۇ يىراقتىكى نەرسىلەرگە ئىشەنمەيدۇ. ئۇنچە ئەقىللىق بولمىسىمۇ تۈز روھ ئەقىللىق، ئەگرى - بۈگرى يەرلىرى جىق روھقا قارىغاندا ئادەمنى جەلپ قىلىدۇ.



## ئېھتىياتچانلىق بىلەن سۆزلەش توختىماي ۋاتىلداشتىن مۇھىمدۇر

ئاقىللارنىڭ بىزدىن ئارتۇق يېرى ئاز گەپ بىلەن جىق بىر نەرسىنى چۈشەندۈرۈشىدۇر. نادانلار ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇلار قۇرۇق گەپ سېتىشنى ئىقتىدار، دەپ بىلىدۇ.

بەزىلەرنىڭ يالغۇز تۇرغاندا سۆزى ئاز بولۇپ قالماي كۆپ ئادەم بىلەن بىرگە بولغاندىمۇ سۆزى ئاز بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ دوستلىرى بولۇپمۇ يات جىنىستىكى دوستلىرى بىلەن بىرگە بولغاندا گېپى كۆپ بولىدۇ. ھاياجانلانغاندا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ كېتىدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەمدە بىر خىل ئىپادىلەش ھەۋىسىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئادەمنىڭ يا بىر خىل خاراكتېرىنى، يا بىر خىل ئىقتىدارنى، يا بىر خىل پاراسەتنى ئىپادىلىگۈسى، قىسقىسى، بىر خىل ئەۋزەللىكىنى ئىپادە قىلىپ كەمچىلىكىنى يوشۇرغۇسى كېلىدۇ. لېكىن ئۆزىنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقىنى ئىپادىلىگەن ئادەمنىڭ چوقۇم يەنە بىر كەمچىلىكى بولىدۇ.

سۆزلەشكە ئامراق ئادەم ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى



ئىپادە قىلماقچى بولىدۇيۇ، لېكىن ئارتۇقچىلىقىنى ئىپادە قىلىش بىلەن بىرگە كەمچىلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. سۆزلەشنىڭ خۇشاللىقىغا بېرىلىپ، سۈكۈت قىلىشنىڭ شادلىقىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ئورۇنلاشنىڭ شادلىقىغا بېرىلىپ، تاماشا كۆرۈشنىڭ شادلىقىدىن نېسىي قالىدۇ.

سۈكۈت قىلىش، ئۆزىگە ئىشىنىش روھى كەم كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشى قورالى بولۇپ قالماي كەمچىلىكنى يوشۇرۇشنىڭ ئەڭ ئېسىل ئۇسۇلىدۇر. لېكىن بىز، سۈكۈتكە قارىغاندا ئۆزىمىزنىڭ ئازابىنى بايان قىلىشقا خۇشتارمىز ۋە ئاجىزلىقىمىزنى ئاشكارىلاپ قويىمىز.



## ئىجتىمائىي ئالاقە سەنئىتى

مەن ئىجتىمائىي ئالاقە ھەققىدە سۆزلىگەندە دوستلۇق ھەققىدە سۆزلەشنى خالىمايمەن. گەرچە ئىككىسىنىڭ مەلۇم مۇناسىۋەتلىرى بولسىمۇ يەنىلا ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇقۇمدۇر. دوستلۇق ئالىيجاناب ۋە سەلتەنەتلىك بولىدۇ. لېكىن ئىجتىمائىي ئالاقە دوستلۇققا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر ئىش خالاس. شۇڭا مەن بۇ يەردە جەمئىيەتتىكى كىشىلەر زادى ئېلىپ بارمىسا بولمايدىغان ئالاقە توغرىسىدا توختىلىمەن.

ئىجتىمائىي ئالاقىنىڭ قايسى دەرىجىدە زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىش بىھاجەت. ھەممە ئادەم ئىجتىمائىي ئالاقىگە موھتاج. ئىجتىمائىي ئالاقىدە بولۇشنى ئىزدەيدۇ. لېكىن ئىجتىمائىي ئالاقىنى ئادەمگە خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشقا ئايلاندۇرۇشنى ئىستەيدىغان كىشىلەر بەكمۇ ئاز. ھەربىر ئادەم باشقىلاردىن خۇشاللىق تېپىشنى ئىستەيدۇ. لېكىن ئادەم ھەمىشە ئۆزىنى ياخشى كۆرىدۇ. كىشىلەرگە شۇنداق تەسىرات بېرىدۇ. بۇنداق قىلىش ئىجتىمائىي مۇنا-



سىۋەتكە بوزغۇنچىلىق قىلىدۇ. كىشىلەر ئامالىنىڭ بارىچە بۇنداق ئۆزگە بولغان مۇھەببەتنى يوشۇرۇش كېرەك. ماھىيەتتىن قارىغاندا بۇنداق ئويدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۆزۈڭنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ خۇش قىلاي دېسەڭ، باشقىلارنىڭ غۇرۇرىغا ھۆرمەت قىل. باشقىلارنىڭ غۇرۇرىغا ئازار بەرمە.

ئۇلۇغۋار ئىشلارنى قىلىشتا ئەقىل - پاراسەت كەم بولسا بولمايدۇ. ناۋادا ئەقىل - پاراسەت بولۇپ، ياخشى كەيپىيات، ياخشى نىيەت ۋە ئۆزئارا ئارىلىشىشنى خالايدىغان كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىن شەكىللەنگەن رىتىم ۋە قوللاش بولمىسا ئۇلۇغۋار ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارماق ناھايىتى تەس. ناۋادا خاراكتېرى، ئىدىيىسى زادى ئوخشىمايدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر مۇناسىۋەت قىلىشسا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئۇزاققا بارمايدۇ. كىشىلەر كېلىپ چىقىشى ۋە ساپاسى ئۆزىدىن تۆۋەن كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا خۇشتار. لېكىن، بۇنداق ئەۋزەللىككە ئىگە كىشىلەر ئەۋزەللىكىنى ھەددىدىن ئارتۇق ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. بىز ئىلاجى بار ئۇلارغا بۇنداق تەرىپىمىزنى بىلدۈرمەسلىكىمىز، بۇنداق ئەۋزەللىك ئارقىلىق قارشى تەرەپنى تەربىيىلىشىمىز كېرەك. يېتەكلىشكە موھتاجلىقىنى قارشى تەرەپكە



ئاستىرتتىن پۇراتقاندىلا، قارشى تەرەپ بۇنداق موھ-
تاجلىقنى ئۆزۈم بايقىدىم دەپ قارىغاندىلا بىزنىڭ مۇ-
ناسىۋىتىمىز تېخىمۇ روناق تاپىدۇ.



## ھۆرۈنلۈق بايقىماق ئەڭ تەس خەتەردۇر

بارلىق خەتەرلەر ئىچىدە ھۆرۈنلۈق بىلمەك ئەڭ تەس خەتەردۇر. ئۇنىڭ زىيىنى ئەڭ چوڭ شۇنداقلا بىلمەك تەس زىياندۇر. بىز ئۇنىڭغا دىققەت قىلىشقا باشلىغاندا، شۇنداقلا ئۇ ھەققىدە ئويلىنىشقا كىرىشكەندە ھۆرۈنلۈقنىڭ ناھايىتى ئوڭايلا بىزنىڭ ھېسسىياتىمىز، پايدىمىز ۋە شادلىقىمىزنىڭ خوجىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

ھۆرۈنلۈق بىر خىل بېلىق. ئۇ ئەڭ زور كېمىلەرنىمۇ توختىتىپ قويۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. ھۆرۈنلۈق بوران - چاپقۇن ئالدىدىكى جىمجىتلىق. ئەڭ مۇھىم ئىشلار ئۈچۈن ئۇ يوشۇرۇن خادا تاش ۋە بوران - چاپقۇندىن خەتەرلىك ئاپەت. ھۆرۈنلۈق بىزگە بېرىدىغان خاتىرجەملىك روھتىكى بىر خىل سىرلىق ئەپسۇندۇر. ئۇ تۈيۈقسىز بىز ئەڭ قىزغىن ئىنتىلىۋاتقان ۋە ئەڭ قەيسەر ئىرادە بىلەن قوغلىشىۋاتقان ئىشلارنى بىر ياققا قايرىپ قويالايدۇ. ئەڭ ئاخىردا بىز بۇ سەزمەك تەس كەمچىلىككە بىر ئېنىق تەبىر بېرىمىز: ھۆرۈنلۈق روھنىڭ خۇداسىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ تەسەللىسى ئارقىلىق روھنىڭ بارلىق پايدىلىرىنى زىيانغا ئايلاندۇرالايدۇ.



## باشقىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش، سۇيىقەستلەرنى تارمار قىلىشنىڭ كاپالىتىدۇر

پادىشاھلار تاشقى خەتەر يوق چاغدا ئەتراپىدىكىلەرنىڭ سۇيىقەستىدىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك. سىزمۇ ئوخشاش ئەھۋالدا ئەتراپىڭىزغا قارىتا ھوشيارلىقنى ئۆستۈرۈڭ. ئەتراپىدىكىلەرنىڭ سۇيىقەستىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىز ئەڭ ئاقىل ھۆكۈمرانلار قوللانغان ئۇسۇلنى قوللىنىپ باقساق بولىدۇ. ئەتراپىڭىزدىكىلەرنىڭ كەمسىتىشى ۋە دۈشمەنلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى رازى قىلىشىڭىز كېرەك. بۇنداق قىلماق تەس ئەمەس. دوستلىرىڭىزنى رازى قىلىش ھەممىدىن زۆرۈر. بىر ئېھتىياتچان ئادەم باشقىلارنىڭ سۇيىقەستىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاممىنىڭ نەپرىتىدىن، كۆزگە ئىلماسلىقىدىن ساقلىنىش كېرەك. چۈنكى سۇيىقەستچىگە مەلۇمكى، ئاممىنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان ئادەمنى قەستلەش ھەممىدىن ئوڭاي. ناۋادا ئۇ قەستلىمەكچى بولغان ئادەمنىڭ قەستكە ئۇچرىشى ئاممىنىڭ غەزەپ- نەپرىتىنى قوزغايدىغان بولسا، سۇيىقەستچى بۇنداق ئادەمگە سۇيىقەست قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. چۈنكى



بۇ ئەھۋالدا سۇيىقەستچى دۇچ كېلىدىغان قىيىنچىلىق بەك كۆپ بولىدۇ.

تارىخىي تەجرىبىلەردىن مەلۇمكى، تارىختا يۈز بەرگەن سۇيىقەستلەرنىڭ ئاز بىر قىسمىلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان، چۈنكى سۇيىقەست قىلغۇچىلار تەنھا ھەرىكەت قىلالمايدۇ. ئۇنىڭغا شېرىك كېرەك. شېرىك ئىزدىگەندە غەزەپ ـ نەپرەتكە تولغان ئادەملەردىن ئىزدىسە ئوڭاي مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. لېكىن سىز مەقسىتىڭىزنى سىزگە چىش غۇچۇرلىتىپ تۇرغان بىرەرسىگە بىلدۈرۈپ قويسىڭىز، بۇ ئۆزىڭىزگە قول سېلىش پۇرسىتىنى بەرگەنلىكىڭىز بىلەن باراۋەر. چۈنكى مەخپىيەتلىكىڭىز ئاشكارىلاندى دېگەنلىك، قارشى تەرەپ ئۆزى قىلماقچى بولغان ئىشلارنى قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى دېگەنلىك بىلەن باراۋەر. چۈنكى بۇ چاغدا ئۇ مەخپىيەتلىكنى بىلىۋېلىپ پايدا تاپىدۇ. سىز خەتەر ئىچىدە قالىسىز. چۈنكى ئۇنىڭ سىز بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان ئادەمنى تاپمىقى تەس ئەمەس. بۇنداق كىشىلەر ھەرگىز سىزگە يۇمشاق قوللۇق قىلمايدۇ.

قىسقىسى، سۇيىقەستچىگە قورقۇنچ، ھەسەت، گۇمان ۋە جازالىنىش قورقۇنچىدىن باشقا نەرسە ھەمراھ بولمايدۇ. لېكىن سىزگە دوستلارنىڭ قوغدىشى ھەمراھدۇر. ناۋادا بۇنىڭغا ئامىنىڭ سىزگە بولغان



ياخشى تىلىكى قوشۇلسا، سىزگە قەست قىلماق تې-
خىمۇ تەسلىشىدۇ. چۈنكى سۈيىقەستچى ئىش ئەمەلگە
ئېشىشتىن ئىلگىرى قورقۇنچ ئىچىدە قالغان بولىدۇ.
ناۋادا ئۇ مۇشۇنداق مۇھىتتا ئامما بىلەن قارشىلاشسا
ئۆز ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي
قالمايدۇ. بۇ ھالدا ئۇنىڭغا پاناھلانغۇدەك جايمۇ چىق-
مايدۇ.

بۇ ھەقتە بىرلا مىسال ئالساق كۇپايە. بولوننا-
نىڭ پادىشاھى بېندۇۋول جانابلىرى كەنناسكى جەمەتى-
نىڭ سۈيىقەستىگە ئۇچرىدى. ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن
كېيىن جەمەتىدىن جوۋاننى ئىسىملىك بىر بوۋاقلا
ئامان قالدى. سۈيىقەست يۈز بەرگەندىن كېيىن پۈ-
تۈن خەلق قوزغىلىپ كەنناسكى جەمەتىدىكىلەرنى
قىرىپ تاشلىدى. بۇ ھالەتنى بېندۇۋول جەمەتىدىكى-
لەرنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ئابرۇيى كەلتۈرۈپ چى-
قارغانىدى. بۇنداق ئابرۇينىڭ تەسىرى شۇنداق كۈچ-
لۈك بولغانكى، ھېچكىم بېندۇۋولنىڭ ئورنىغا ئول-
تۇرۇشقا لاياقەتلىك بولالمىدى. ئاخىر خەلق ئۇنىڭ
جەمەتىدىن ھايات قالغان بالىنى تېپىپ تەختكە ئول-
تۇرغۇزدى.

شۇڭا مېنىڭ خۇلاسەم شۇكى، ئاممىنىڭ ساڭا
مۇھەببىتى بولسا سۈيىقەستكە ئۇچراشتىن ئەنسىرىمە.
لېكىن ئامما ساڭا دۈشمەنلىك قىلغاندا سەل قارىما...



ئەقىللىق ئادەملەر ئامال بار ئەتراپىدىكىلەرنى رازى قىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش جەمئىيەتتە پۈت تىرەپ تۇرۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئىشتۇر.



## دۈشمىنىڭ ئارقىلىق ئۆزۈڭنى چۈشەن

بىز ئۆزىمىزنى نۇقسانسىز دېيەلمەيمىز. شۇنداقلا دۈشمىنىمىزنىمۇ ئارتۇقچىلىقتىن خالىي دېيىشكە تىلىمىز كۆيىدۇ. بىز ھەمىشە ئۆزىمىزنى ماختىماقچى بولۇپ ئاندىن كەمچىلىكىمىزنى تەن ئالىمىز.

بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا دۈشمىنىمىزنىڭ بىزگە بەرگەن باھاسى ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە بەرگەن باھاسىدىن چىن بولىدۇ. بىز دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىش بىلەن بىرگە، دۈشمەن ئارقىلىق ئۆزىمىزنى چۈشىنىۋېلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم. چۈنكى، دۈشمىنىمىز كەمچىلىكىمىزنى قىلچە يوشۇرۇپ ئولتۇرمايدۇ. دۈشمىنىڭ ھامان كەمچىلىكىڭنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان ئادەمدۇر. ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىزنى ھوشيارلاشتۇرىدۇ. ھوشيارلىق، كەمچىلىكنى تۈزىتىش ۋە بايقاشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر.



## روھىي ھالىتىڭىز سالاھىيىتىڭىزگە ماس كەلسۇن

ھەر كىمدە تۇرقى ۋە ئىقتىدارىغا باب روھىي ھالەت بولۇشى لازىمدۇر. ئەكسىچە بولغاندا، ئۇنداق ئادەمنىڭ ھەمىشە زىيان تارتىمىقى شۇبھىسىزدۇر. قايسى خىل روھىي ھالەتنىڭ بىزگە ماس كېلىدى-غانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش، بۇ خىل روھىي ھالەت بىلەن ئامالىنىڭ بارىچە ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىش ئاقىللىق جۈملىسىدىندۇر.

كىچىك بالىلارنىڭ ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغىشىدىكى سەۋەب ئۇلاردا بىر خىل تۇغما تەبىئىي روھىي ھالەت ۋە قىلىق بولىدۇ. ئۇلار تېخى ساختى-لىقنىڭ نېمىلىكىنى ئۇقمايدۇ. ئۇلار بالىلىق دەۋرى بىلەن خوشلاشقان ھامان ئەسلىدىكى روھىي ھالەت ۋە قىلىقلىرىنى ئۆزگەرتىشكە باشلايدۇ. باشقىلارنى دو-راشقا كىرىشىدۇ. لېكىن ئۇلار ئۆز ئەينى دورىيال-مايدۇ. دوراش جەريانىدا كۆرۈلگەن نىسبەتەن ساختا ۋە ئىشەنچسىز نەرسىلەر ئۇلارنىڭ قىلىقى ۋە ھېسسى-ياتىدىكى تەبىئىيلىكنى يوق قىلىدۇ. يالغان راست، راست يالغان بولۇپ قالىدۇ. نۇرغۇن ئادەمنىڭ باشقا بىر ئادەم بولغۇسى بار، ئۆزى بولغۇسى يوق. ئۇلار



ئۆزىدىكى بىلەن تامامەن ئوخشىمايدىغان تۇرق ۋە ئىدىيىگە ئىنتىلىدۇ، دورامچىلىق قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ قىلىقى، تۇرقى ھەتتا سۆزلەش ئادىتىنى دورىماقچى بولىدۇ. ئۇلار مەلۇم ئادەملەرگە مۇۋاپىق كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىلا ئادەمگە مۇۋاپىق كېلىۋەرمەيدىغانلىقىنى تەن ئالمايدۇ. بۇنداق ئىشلارنىڭ تېخى بىر بىرلىككە كەلگەن ئۆلچىمى يوقلۇقىنى، دورامچى بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمايدۇ. ئەكسىچە، ئۆز تەبىئىتى بويىچە ياشىغان بىر ـ بىرىنى دورىمىغان ئادەملەرنىڭ نۇرغۇن ئىشلاردا ئورتاقلىقى تېپىلىدۇ. لېكىن ئادەمنى ئەڭ ھەسرەتلەندۈرىدىغان ئىش، نۇرغۇن كىشى ئۆز تەبىئىتى بويىچە ياشىمايدۇ. كىشىلەر دوراشنى ياخشى كۆرىدۇ. باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى دورايمەن دەپ ئۆز ئارتۇقچىلىقىغا سەل قارايدۇ. نەتىجىدە باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئۇلارغا قىلچە ماس كەلمەيدىغان ئالاھىدىلىك بولۇپ چىقىدۇ.

مەن بۇ گەپلەرنى دېيىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگەنمەيلى دېمەكچى ئەمەس. سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەن ئىگىلىگىلى بولمايدىغان نەرسە ئەمەس. ئەدەپ ـ قائىدە ۋە سالاپەتمۇ ھەممە ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدىلىكتۇر. ئەمما، بىز ئۆگىنىش ۋە دوراش ئارقىلىق ئېرىشكەن خاراكتېر ئۆز



ۋۇجۇدىمىزدا ئەزەلدىن بار بولغان خاراكتېر بىلەن ئىلمىي ھالدا بىرلەشسە خاراكتېرىمىز تېخىمۇ تولۇقلىنىدۇ ۋە مۇكەممەللىشىدۇ.

بىز بەزىدە تېخىمۇ يۇقىرى ئەمەللەرگە ئېرىشىمىز، تېخىمۇ يۇقىرى ئىناۋەت ۋە ئورۇنغا ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن. بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ماس كېلىدىغان روھىي ھالەتكە موھتاج. لېكىن بىزگە زۆرۈر بولغان روھىي ھالەت تۇغما روھىي ھالىتىمىز بىلەن ماس كېلىپ كېتىشى ناتايىن. تەقدىرىمىزدىكى ئۆزگىرىش روھىي ھالەت ۋە خۇلقىمىزنى ئۆزگەرتىپ تاشلايدۇ. بۇ ئۆزگىرىش تۇغما روھىي ھالەت بىلەن بىرلەشمىگەن چاغدا ساختا تەسىر بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنى تۇغما روھىي ھالەت بىلەن بىر گەۋدە قىلىش كېرەك.

كىشىلەر ھەر خىل ئىشلار ھەققىدە سۆزلەشكەندە بىر خىل ئاھاڭ، بىرخىل قىياپەتنى ساقلىيالىشى ناتايىن. شۇڭا چوقۇم بىر خىل روھىي ھالەت بىلەن ئوخشىمىغان ئىشلار ھەققىدە پاراڭ سالالايدىغان ھالەتكە ئىگە بولۇش زۆرۈر.

بەزىلەر يېڭى ئېرىشكەن ئورۇن ۋە ئەمەلگە لايىق روھىي ھالەتكە ئىگە بولىمەن، دەپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەبىئىي روھىي ھالىتىدىن ۋاز كېچىدۇ. بەزىلەر ھەتتا بۇنداق ئورۇنغا ئېرىشمەي تۇرۇپ شۇنداق



روھىي كەيپىياتتىكىدەك قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. پۇقرالار ئەمەلدار قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ. ئادەتتىكى ئاياللار ئۆزلىرىنى پادىشاھنىڭ خانىشلىرىدەك تۇتۇشىدۇ.

بۇنداق ئىشلار ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ھالەت، قىلىقلىرى بىلەن چىراي ئىپادىسىنى، سۆزلەش ئاھاڭى بىلەن ئۆز ھېسسىياتىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئۆگىنىپ بولمىغان. بۇ ھالەت كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ساختىلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلغان. كىشىلەر ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندا بىلىپ ـ بىلمەي ئۆزىدىن يىراقلاپ كېتىدۇ. نۇرغۇن ئېسىل خاراكتېرلىك ئادەملەرنىڭ كىشىنى بىزار قىلىپ، نۇرغۇن ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولۇشىدىكى سەۋەب ئالدىنقىلارنىڭ ئىپادە قىلماقچى بولغىنى ئۆز قىياپىتى ئەمەس، كېيىنكىلەرنىڭ ئىپادە قىلغىنى ئۆز قىياپىتىدۇر. قىسقىسى، پەقەت بىزگە نېسىپ بولغان شارائىت مەيلى ناچار بولسۇن ياكى ياخشى بولسۇن بىزنىڭ روھىي ھالىتىمىز، سۆز ئاھاڭىمىز، قىلىقىمىز، ھېسسىياتىمىز ئورنىمىزغا مۇۋاپىق كەلسىلا ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغىماي قالمايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ئادەمنى بىزار قىلىشى تەبىئىي.



## ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئالغا بېسىڭ

كىشىلەر ھەمىشە ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ ئالغا باسىدۇ. ئالدىنقىلارنى دوراپ ئىش قىلىدۇ. ئالدىنقىلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى ئۆز ئەينى دوراش ھەمدە ئۇلار قازانغان ئۇتۇقلارغا يېتىش ناتايىن بولىسىمۇ، ئەڭ ئەقىللىق ۋە ئېھتىياتچان كىشىلەر ھامان ئۇلۇغلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭىدۇ، ئەڭ ئۇلۇغ كىشىلەرنى دورايدۇ، ئالدىنقى كىشىلەردەك ئۇلۇغ بولالمىسىمۇ ئەڭ بولمىغاندا بىر ئۇلۇغ سايىگە ئايلىنالايدۇ. ئۇلار ئېھتىياتچان ۋە يىراقنى كۆرەر مەرگەندەك ئىش قىلىدۇ. چۈنكى مەرگەن ناھايىتى يىراقتىكى بىر نىشاننى قارىغا ئالغاندا، ئوقىنىڭ شۇ يەرگە يېتىپ بارالايدىغان-بارالمايدىغانلىقىنى ئېنىقلىۋېلىپ ئاندىن قولىغا قورال ئالىدۇ. ئۇلار تەگكۈزۈشنى ئارمان قىلغان نىشاندىنمۇ ئېگىز ئورۇننى نىشانلايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب ئېگىز ئورۇنغا تەگكۈزۈش ئەمەس، ئەسلىدىكى نىشانغا تەگكۈزۈش ئۈچۈندۇر.

ئەقىللىق، ئېھتىياتچان ئادەملەر مەيلى قەيەردە بولسۇن چوقۇم تارىخىي ماتېرىياللارنى ئوقۇپ--



تەتقىق قىلىپ مەشھۇر شەخسلەرنىڭ غەلىبە قىلىش قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋېلىشى كېرەك. مەغلۇبىيەتىدىن ساۋاق قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئەمەلىيىتى ئۈچۈن تەجرىبە توپلىشى كېرەك. سىز ئەڭ ئاۋۋال تارىختا ئۆلار ئالقىشقا ئېرىشكەن، شۆنداقلا ئابرۇيى بار بىر تارىخىي شەخسنى ئۆلگە قىلىشىڭىز، ئۆنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ھەر ۋاقىت ئەسلەپ تۇرۇشىڭىز كېرەك.



## ياخشى نەمۇنە ئەلگە ياخشى يولباشچىدۇر

ھېچقانداق نەرسىنىڭ نەمۇنىدەك كۈچلۈك تەسىرلەندۈرۈش كۈچى بولمايدۇ. ياخشى - يامان ئادەملەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى دورايدىغانلار كۆرمىڭ. ياخشىلارنى دوراش بەلكىم غەلىبىگە ئىنتىلىش سەۋەبىدىن بولسا، يامانلارنى دوراش ئادەمنىڭ تەبىئىتىدە رەزىللىكنىڭمۇ تۇغما مەۋجۇتلۇقىدىن بولىدۇ. ئادەمنىڭ تەبىئىتىدىكى رەزىللىك نومۇس كۈچىدىن بېسىلىپ تۇرسىمۇ، ئەسكىلەرنى دوراشقا باشلىغاندا تولۇق ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ.

ياخشى ۋە يامان نەمۇنىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تالاشماي تۇرۇپ قاراپ باقساقلا، ئۇلار پەيدا قىلىدىغان ئۈنۈمنىڭ ئوخشاشلا غايەت زور ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئەگەر ئەسكى ئادەملەرنىڭ رەزىللىكى، رەزىللىكتىن تېخىمۇ يىراق تۇرۇشىمىزغا تۈرتكە بولالمىغاندەك، ئەگەر ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ ياخشى ئىشلىرىمۇ بىزنى ياخشىلىق يولىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇشى ناتايىن. ئىسكەندەرنىڭ ئىشلىرىمۇ ئۆزلۈكىدىن ۋەيران بولدى. پادىشاھ قەيسەرنىڭ شان - شۆھرىتى ئۇنىڭ ۋەتىنىگە ھېچقانداق زىيان سالالمىدى. رىمدىكى سپارتا شەھىرى ياۋايىلىققا بەكمۇ كۆڭۈل



بۆلگەندى. ياخشىلىق بىلەن رەزىللىكنىڭ ئارىلىقى پەقەت بىر قەدەملا. نۇرغۇن ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، يەنە ئۇنىڭدىنمۇ نۇرغۇن ساختا ماللارنى بارلىققا كەلتۈردى. قىسقىسى، ناچار ئۈلگە ھەمىشە بىزنى خاتالىققا باشلاپ بارىدۇ، كاللىمىزنى ساختىلىق ۋە خاتالىق بىلەن تولدۇرۇپ ئەخلاق يولىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.



## قانداق قىلغاندا ھەقىقىي گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەم بولغىلى بولىدۇ؟

بىر ئادەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە ياكى ئىگە ئەمەسلىكىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالەمنى زىلزىلىگە سالغۇدەك ئىشلارنى قىلغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىگە قاراش كېرەك.

گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە بولۇش دېگەنلىك، گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە ئادەمدەك قىياپەتكە كىرىۋېلىش ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىزنى ئۆزگەرتىپ گۈزەل ئەخلاقلىق ئادەم بولۇشتۇر. باشقىلارنىڭ بىزنى ياخشى دېمىكى ئوڭاي ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى ئۆزىمىزنىڭ ياخشى ئادەم بولمىقىدۇر.

ئادەم نام ـ ئاتاق ۋە ئابرۇي ئۈچۈنلا ياشىغاندا، ئادەم بولماقنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلىدۇ. باشقا ئادەملەرنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلماي ئىش قىلسا، كىشىلەر ئۇنى نادان، ئەخمەق دېيىشى ھەتتا ئەڭ ئەسكى ئادەم دەپ قارىشى مۇمكىن. لېكىن ئەڭ قىيىن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بېقىش كېرەك. بۇنداق ئىشلارنى ھەل قىلىشنىڭ ئىككى ئۇسۇلى بار، بىرى باشقىلارنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىغا



پەرۋا قىلماسلىقنى ئۆگىنىۋېلىش، يەنە بىرى تۇرمۇشنى باشقىلارنىڭ ئۆسەك سۆزلىرىنى بۆسۈپ ئۆتىدىغان جەريان، دەپ قاراشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك، شۇندىلا خاتىرجەم بولالايسىز.



## كىشىلەرگە سەمىمىي تەسىر بېرىڭ

نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرۈلۈپ قالى-
دىغان سەمىمىيلىك باشقىلارنىڭ ئىشىنىشىگە ئېرى-
شىشىنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسىدۇر. بۇ خىل ۋاسىتە
بىزنى باشقىلاردىن ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىرىپ، بىزنى
ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىن خەۋەردار كىشىگە ئايلاندۇرىدۇ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان قەدىمكى رىملىقلارنىڭ
بارلىسكانلىقلارنىڭ شەھىرىگە قىلغان ھۇجۇمى مەغ-
لۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىپ كېلىۋاتاتتى. بىر كۈنى
رىمنىڭ سانغۇنى كامىلۇس شەھەر سىرتىدىكى بار-
گاھتا تۇرۇپ بىر ئادەمنىڭ بىرمۇنچە ئۇششاق بالىنى
ئېلىپ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ
باللار شەھەردىكى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ باي ئاھالىلەر-
نىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. كېلىۋاتقان ئەر بارلىسكان-
لىقلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، باللارنى سەيلە
قىلغان قىياپەتتە سىرتقا ئېلىپ چىقىپ رىملىقلارغا
تۇتۇپ بېرىش ئارقىلىق دۈشمەنلىنىڭ كۆڭلىنى ئال-
ماق بولۇۋاتاتتى.

كامىلۇس باللارنى گۆرۈگە ئېلىۋالماي، ئەك-
سىچە ئوقۇتقۇچىنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ، قولل-
رىنى باغلاپ ھەربىر بالىغا بىردىن كالتەك تۇتقۇزۇپ



شەھەرگە كىرگۈزۈۋەتكەن. بالىلار يول بويى ئوقۇتقۇچىنى ئۇرۇپ ماڭغان. بۇ ئەھۋال بارلىسكان شەھىرىنى زىلزىلىگە سالدى. ئەسلىدە ئۇلار كامىلۇس بالىلارنى گۆرۈگە ئېلىپ شەھەرگە تەھدىت سالىدۇ، دەپ قارىغانىدى. ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە بولۇشى بىلەن بارلىسكان شەھىرى تەسلىم بولغان. كامىلۇس بۇ ھەرىكىتى ئارقىلىق دۈشمەنلىرىنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ئۇرۇشتا غەلىبە قازاندى. رەھىمدىللىق ۋە مېھىر - شەپقەت ئەڭ جاھىل دۈشمەننىمۇ تىز پۈكتۈرەلەيدۇ. دۈشمەننىڭ كۈرەش ئىرادىسىنى سۇندۇرىدۇ.

قارىماققا سەممىي تەسىر بەرسىڭىز ماھىيەتتە قارشى تەرەپنىڭ دىققىتى باشقا ياققا بۇرۇلۇپ، ھەرىكەتلىنىدىغان ۋاقىت ۋە بوشلۇققا ئېرىشەلەيسىز. مەردلىك ياكى سەممىيلىك ئادەمنى دىلغۇل قىلىدىغان ئەڭ قالتىس ئۇسۇلدۇر. بۇ ئۇسۇل ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ گۇمانىنى يوق قىلىپ تاشلاپ ئۇلارنى كىچىك بالىدەك ھېسسىياتى ئاشكارا ھالەتكە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ «ئاۋۋال تەقدىم قىلىپ كېيىن ئېلىش» چارىسىدۇر. بۇ چارىنى ئەمەلىي ئىشلەتكەندە نەچچە مىڭ خىل ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئېرىشمەكچى بولۇشنىڭ خەتىرى چوڭ. ھوقۇق ۋە كۈچىڭىزنىڭ زورلۇقى قارشى تەرەپنىڭ يوشۇرۇن



قىساس ئېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.
ئۇدۇل ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپ قانچىلىك ئەدەپلىك
ھالەتتە قويۇلسۇن يەنىلا خەتەرلىكتۇر. قارشى تەرەپ
سىز قىلماقچى بولغان ئىشتىن پايدا ئالالايدىغانلىقىغا
كۆزى يەتكەندىلا ئاندىن سىزگە ئىشىنىدۇ. شۇڭا ئې-
لىش ئۈچۈن بەرمەك زۆرۈردۇر. بۇ ئامال قارشى تە-
رەپنىڭ مەيدانىنى يۇمشىتىپ، ئۇلارنىڭ سىزنىڭ
كەلگۈسىدىكى تەلىپىڭىز ئۈچۈن تاشلانغان يەمچۈكنى
يېيىشىگە سەۋەب بولىدۇ ياكى بولمىسا بۇ يەمچۈك
قارشى تەرەپنىڭ دىققىتىنى بۇراش رولىنى ئوينايدۇ.
بېرىش ئۈچۈن قوللىنىدىغان شەكىللەر بەكمۇ كۆپ.
ھەقىقىي سوۋغا، مەردانە ھەرىكەت، سەمىمىي دوست-
لۇق، قىسقىسى، بۇ ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى سىزنى
زىيان تارتقۇزمايدۇ.

باشقىلار بىلەن تۇنجى كۆرۈشكەندە چوقۇم تاللا-
ش خاراكتېرىدە سەمىمىيلىكنى ئىپادە قىلىش كې-
رەك. بىز ھامان ئادەتنىڭ ئىشەنچىسىدە ياشايمىز.
شۇنداقلا تۇنجى تەسىرات ئۇزاققىچە يوقالمايدۇ. ناۋادا
مۇناسىۋەت ئەمدىلا ئورنىتىلغان چاغلاردا قارشى تەرەپ
سىزنىڭ سەمىمىيلىكىڭىزگە ئىشەنسە، ئۇلارغا سە-
مىمىي ئەمەسلىكىڭىزنى ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن ئاز تى-
رىشچانلىق كەتمەيدۇ. بۇ جەريان سىزنى ئەھۋالنى
ئۆزگەرتىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ.



ئاددىي ھالدىكى سەممىي ھەرىكەت يېتەرلىك ئەمەس. سىزگە لازىم سەممىيلىكنىڭ شان ـ شۆھرىتى، بىرنەچچە قېتىملىق سەممىيلىك ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئۇ قۇرۇلدىمۇ، ئاغدۇرۇپ تاشلىماق ئۇنچە ئاسان ئەمەس.

ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھېسسىيات ئارىلاشقان، پىلانلانغان رەھىمدىللىك، ئەڭ قەبىھ رەقىبىنىمۇ كىچىك بالىدەك قىلىپ قويالايدۇ. لېكىن بۇنداق چارىنى ئىشلەتكەندە ئېھتىيات قىلىش كېرەك. سىر ئاشكارىلانغان ھامان قارشى تەرەپنىڭ دوستلۇقى دۆشمەنلىك ۋە ئىشەنمەسلىككە ئۆزگىرىدۇ. ناۋادا سىز ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق سەممىيلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلمىسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى ئوت بىلەن ئويناشماڭ.



## نام ـ ئابرۇي بەختەرلىك ئېلىپ كېلىدۇ

كىشىلەرنىڭ سىزنى غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ تايىنى يوق، تۇتۇرۇقسىز، قورقۇنچاق، سۆرەلمە، غىلجىڭ، رەزىل ئادەم، دەپ قاراپ قېلىشىدىن قەتئىي ساقلىنىڭ. سىز ھەرىكىتىڭىز ئارقىلىق ئۇلۇغ، باتۇر، سالماق شۇنداقلا قەيسەر ئىكەنلىكىڭىزنى نامايان قىلىڭ. باشقىلار سىزنىڭ ھۆكۈمىڭىزنى ئاسانلىقچە ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، دەپ قارىسۇن. شۇ ئارقىلىق ئۇلۇغ نام ـ ئابرۇيغا ئىگە بولۇڭ، شۇندىلا ھېچكىم سىزنى ئالداشقا، ئەخمەق قىلىشقا پېتىنالمايدۇ.

ناۋادا سىز ئاممىنىڭ قەلبىدە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك تەسىر پەيدا قىلالىسىڭىز، يۈكسەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىسىز. دۈشمەنلەرنىڭ سۇيىقەستىمۇ ئاسانلىقچە ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ھەتتا ئۇلار ئاشكارا ھۇجۇم قىلىشقىمۇ پېتىنالمايدۇ. كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىش، ئەڭ ياخشى دوستلارغا ئىگە بولۇش، تولۇق قوراللىنىش كېرەك. تولۇق قوراللانغان ئادەمنىڭ دوستى كۆپ بولىدۇ. سىرتقى دۇنيادا كۈشەندىڭىز، ئىچكى قىسمىڭىزدا نىزا بولمىسا، ھەرقانداق ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ. بۇنداق قىلىش سىزگە ئۇزاق مەزگىللىك مۇقىملىق ۋە بەختەرلىك ئاتا قىلىدۇ.



## ھەرىكەت ، مۇنازىرىدىن قايىل قىلارلىق بولىدۇ

رىمنىڭ ھۆكۈمدارى ماشىنۇس يۇناننىڭ پاجامىس شەھىرىگە قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا سېپىلنىڭ دەرۋازىسىنى بۇزۇش ئۈچۈن دەرۋازىغا ئۇرىدىغان لىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايقايدۇ . ئۇ بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئافىنادىكى پرېستاندا يوغان ۋە ئېغىر ئىككى تال كېمە ماچتىسىنى كۆرگەنىدى . ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ شۇ ماچتىنىڭ چوڭراق بىرىنى ئەكەلدۈرمەكچى بولىدۇ . بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالغان قورال - ياراغ ئۇستىسى بۇ ماچتىلارنىڭ قىسقىراق بىرىنىڭ ھەقىقىي كارغا يارايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، بۇيرۇقنى يەتكۈزگەن ئەسكەرلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىشكە باشلايدۇ. ئۇستىنىڭ قارىشىچە قىسقىراق ماچتا ھەم كارغا يارايتتى ھەم يۆتكەشكە ئەپلىك ئىدى. ئۇ مەقسىتىنى ھەر خىل شەكىللەرنى سىزىپ چۈشەندۈرىدۇ ۋە بۇ شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قورال - ياراغ مۇتەخەسسىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولىدۇ .

ئەسكەرلەر ئۇستىنى داھىينىڭ مۇنازىرە بىلەن خۇشى يوقلۇقى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرىدۇ ، ئۇلار داھىينىڭ مىجەزىنى چۈشىنەتتى. ئاخىر ئۇستا



بۇيرۇققا بويسۇنۇشتىن باشقا ئامال تاپالمىدى. ئەسكەرلەر كەتكەندىن كېيىن ئۇستا: «مەغلۇبىيەتكە سەۋەب بولىدىغان بۇيرۇققا بويسۇنۇشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟» دەپ ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويدى. شۇڭا ئۇ جەڭ مەيدانىغا قىسقا ماچىتىنى كۆتۈرۈپ باردى. ئۇ قىسقا ماچىتىنىڭ سېپىل دەرۋازىسىنى بۇزۇشتىكى رولىنى كۆرگەن ھۆكۈمران مېنى مۇكاپاتلىماي قويمايدۇ، دەپ ئىشەنچ قىلاتتى.

قىسقا ماچىتىنى كۆرگەن ماشنۇس ئەسكەرلەردىن ئەھۋالنىڭ تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈردى. ئەسكەرلەر قورال - ياراغ ئۇستىسى بىلەن بولۇنغان مۇنازىرىنى بايان قىلىپ بەردى. ماشنۇسنىڭ شۇنچىلىك ئاچچىقى كەلدىكى جەڭ ۋەزىيىتىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ بۇ ھاكاۋۇر ئۇستىنى ئالدىغا چاقىرتتى.

ئۇستا ماشنۇسنىڭ ئالدىغا كېلىپ شاد - خۇراملىق بىلەن، ئويلىغانلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى. نېمىشقا قىسقا ماچىتىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئىزاھلاپ ئۆز پىكرى بويىچە ئىش كۆرسە ئاقىلانىلىك بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇستىنىڭ گېپى تۈگىگەن ھامان ماشنۇس ئۇستىنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، كالتەكلەپ ئۇرۇشقا باشلىدى ۋە ئاخىر ئۇستىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

تارىختا نامى قالمىغان بۇ ئۇستا بىر ئۆمۈر كېمە ماچىتىسى لايىھىلەش ۋە تۈۋرۈك ياساش بىلەن



ھەپىلەشكەن ئادەم ئىدى. ماھارىتىنى مۇشۇ ساھەدە
ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇ ئۆز تاللىشىنىڭ
توغرىلىقىغا ئىشىنەتتى. قىسقا ماچتىنىڭ دەرۋازىغا
ئۆرۈلۈش سۈرئىتى تېز، كۆچلۈك بولاتتى. ئۇزۇنـ
ـنىڭ شۇنداق بولۇشى ناتايىن ئىدى. ئۇستا ئۆزىنىڭ
تەكلىپىنى شۇنداق ئېنىق چۈشەندۈرگەن، ھەتتا خەـ
رىتە سىزىپ ئىسپاتلىغان بولسىمۇ ماشنۇس نېمىشقا
ھۆكۈمىدىن يانمىدى؟

بىز بۇنداق مۇنازىرىچىلەرنى دائىم ئۇچرىتىمىز.
مۇنازىرىگە ئامراق كىشىلەر ئۆزىدىن يۇقىرى تۇرىدىـ
غان ياكى تەڭ ئورۇندا تۇرىدىغان كىشىلەر بىلەن مۇـ
نازىرىلىشىشنىڭ قانداق نەتىجە ئېلىپ كېلىدىغانلىـ
قىنى بىلمەيدۇ. ئۆزىدىنمۇ ھوقۇقلۇق ئادەملەرنىڭ
ئەقىل - پاراسىتىنى ئەيىبلەش قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ
كېلىدۇ؟

ھەممە كىشى ئۆزىنىڭكىنى توغرا، دەپ قارايدۇ.
لېكىن ئۇلارغا باشقىلارنىڭ پىكرى بىلەن ئۆز مەيداـ
نىنى ئۆزگەرتىدىغان ئادەملەرنىڭ بەكمۇ ئاز بولىدىـ
غانلىقى مەلۇم ئەمەس. مۇنازىرىچىلەرنىڭ مۇھاكىـ
مىسى پاڭغا ناخشا ئېيتىپ بەرگەندەك بىر ئىش.
بۇنداق كىشىلەر مۇنازىرىلەشكەنسېرى قىزىپ كېتىـ
دۇ. بۇنداق قىلىش ماھىيەتتە ئۆزىگە - ئۆزى گۆر
كولىغانلىقتۇر. باشقىلارغا ئۆز ئېتىقادىنىڭ نىسبەـ
تەن ناچارلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ مۇنازىرىسىنىڭ



ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرماقچى بولۇش ئاسمانغا چىقماقتىنمۇ تەس ئىش. بىز ھەممىمىز ئۆز پىكرىمىزنى توغرا دەيمىز ۋە ئۆزىمىزنى ئەڭ ياخشى مۇنازىرىچى دەپ ھېسابلايمىز. شۇڭا سىز ئېھتىيات قىلىشىڭىز، ۋاستىلىك ئۇسۇل بىلەن ئۆز كۆزقارىشىڭىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشنى ئۆگىنىۋېلىشىڭىز لازىم.

ئاقىل، ئېھتىياتچان كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى بىزگە گەپنىڭ ھېچنېمىگە يارىمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ھەربىر ئادەم مۇنازىرىلىشىپ تازا قىزىغاندا ئۆز مەيدانىنى قوللاش ئۈچۈن ھەرقانداق سۆزنى دېيىشتىن يانمايدۇ. بىز بىلىدىغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىپ مۇنازىرە قىلساقمۇ بەرىبىر. قېنى كىممۇ قۇرۇق گەپكە قايىل بولغان؟ كۈچسىز مۇنازىرىگە قارىغاندا ھەرىكەت ۋە ئەمەلىي ئۈلگە تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر.



## ئاجىزلىق، رەزىللىكتىنمۇ ناچار خاراكتېر

بىز زادى ئۆزگەرتەلمەيدىغان بىردىنبىر كەمچىلىك ئاجىزلىقتۇر. قەيسەر كىشىلەردىكى مېھرىبانلىق ۋە مۇلايىملىق ئەڭ ھەقىقىي بولسا، كۆرۈنۈشتە مېھرىبان، مۇلايىم كۆرۈنىدىغان كىشىلەر ماھىيەتتە ئەڭ ئاجىز كىشىلەردۇر. بۇنداق ئاجىزلىق ناھايىتى ئوڭايلا رەزىللىككە ئورۇن بېرىدۇ.

ئاجىزلىق رەزىللىكتىنمۇ ئوسال خاراكتېردۇر. نۇرغۇن كىشىلەر كاللىسىدا ئاسىيلىق قىلىش ئويى بولغانلىقىدىن ئەمەس ئاجىزلىقىدىن ئاسىيلىق قىلىدۇ.



## قىلالايدىغان ئىش، خىيال قىلىدىغان ئىشتىن جىقتۇر

كىشىلەرنىڭ ئۆز تونۇشىغا نىسبەتەن چەك ـ چېگرا بېكىتمىكى ناھايىتى ئوڭاي، لېكىن ئارزۇسى ۋە ھەۋەسلىرى ئۇچۇن چەك ـ چېگرا بېكىتمىكى بەكمۇ تەستۇر.

ئەمەلىيەتتە بىز قىلالايدىغان ئىشلار قىلماقچى بولغان ئىشتىن كۆپ بولىدۇ. بىزنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىمىزغا ئاساسەن مەلۇم ئىشلارنى قىلغىلى بولمايدىكەن، دەپ قارىغانلىقىمىز، ماھىيەتتە، ئۆزىمىزنى ـ ئۆزىمىز ئالدىغانلىقتۇر. دۇنيادا زادى قىلغىلى بولمايدىغان ئىش بەكمۇ ئاز. ئىش بېجىرىشتە بىزدە كەم بولۇۋاتقان نەرسە ئامال ـ چارە ئەمەس ئىخلاستۇر. سىز ئەڭ ئاۋۋال قىلىدىغان ئىش ـــ تەقدىرىڭىزنىڭ رولىنى ئۆز قولىڭىزغا ئېلىشتۇر. شۇندىلا كەلگۈسىڭىزگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. نۆۋەتتە ئۆزىڭىزنىڭ نېمە قىلماقچى بولغىنىڭىزنى بىلمىگەن ئادەم، كەلگۈسىدە نېمە قىلىدىغانلىقىغا قانداق كاپالەتلىك قىلالىسۇن؟

شۇ سەمىڭىزدە بولسۇن: قىلغىلى بولىدىغان ئىش، قىلىشنى ئويلىغان ئىشتىن كۆپ بولىدۇ.



## كۆزى ئېتىك ، قولى گال ئادەم بولۇپ قالماڭ

تۇرمۇشتىكى ئىشلاردا بەزىلىرىگە ئىقتىدارىمىز يار بەرسە، بەزىلىرىگە يار بەرمەيدۇ. ئالدىنقىسىغا تەۋە بولغانلىرى ئىدىيە، ھېسسىيات، ئىرادە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئەركىنلىك، باشقا ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ. كېيىنكىسىگە تەۋە بولغانلىرى تەن، بايلىق، ئابروي، ھوقۇق بولۇپ ئۇلارنىڭ ئەسلى ماھىيىتىدىن ئالغاندا باشقا نەرسىلەرگە تايىنىدۇ. ئەگەر سىز ئەسلى پەس بولغان نەرسىلەرنى ئەركىن بولىدۇ ، باشقىلارغا تەۋە بولغان نەرسىلەرنى مېنىڭ دەۋالسىڭىز ئۇ ھالدا سىز توسقۇنلۇققا ئۇچراپ ئازابلىنىسىز ھەم باشقىلاردىن ئاغرىنىسىز. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزگە تەۋە نەرسىنى ئۆزۈمنىڭ دەپ قاراپ، باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئۆزىگە تەۋە دەپ قارىسىڭىز ئۇ ھالدا ھېچكىم سىزگە ئازار بەرمەيدۇ. سىزمۇ باشقىلارنى ئەيىبلەپ، ئۆز ئىرادىڭىزغا خىلاپ ئەخمىقانە ئىشلارنى قىلىپ يۈرمەيسىز.

ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىڭىزگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئارتۇق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىڭىزگە، ھەتتا بەزىبىر نەرسىلىرىڭىزدىن ۋاز



كېچىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ. ئەگەر سىز ئېرىشمەكچى بولغان نەرسە ئۆز قابىلىيەت دائىرىڭىزدىكى نەرسىمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، سىزنىڭ ئېرىشىشىڭىزدىن سۆز ئاچماق قىيىن بولۇپ قالىدۇ.

ئىسىڭىزدە بولسۇن، مەقسىتىڭىزگە يېتىش ئۈچۈن سىز خالىمايدىغان ئاقىۋەتلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىڭ. ئېرىشمەن دەپ ئېرىشەلمەسلىك بەختسىزلىكتۇر. ساقلانغىلى بولىدىغان ئاقىۋەتتىن ساقلىنالماسلىق تراگېدىيىدۇر. ناۋادا سىز ئامال بار قابىلىيىتىڭىز دائىرىسىدىكى ساقلىنىشقا تېگىشلىك ھادىسىلەردىن ساقلىنىمەن دېسىڭىز ساقلانغىلى بولىدۇ. لېكىن ئۆلۈم، قېرىش، كېسەل دېگەندەك سىز كونترول قىلالمايدىغان نەرسىلەردىن ساقلىنىمەن دېسىڭىز بۇ بىر تراگېدىيە بولىدۇ. شۇڭا، قولىڭىز يەتمەيدىغان نەرسىلەرگە قول ئۇزۇتۇشتىن ساقلىنىڭ.



## تەقدىرنىڭ كەلكۈنى تىزگىنسىز ئەمەس

نۇرغۇن كىشىلەر بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەقدىردىن، تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ، ئەقىل بىلەن ئۇنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس، ئۆزگەرتىش خىيالىدا بولۇشمۇ ئورۇنسىز، دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبتىن نۇرغۇن كىشىلەر تىرىشمايدۇ. تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىدۇ. بۇنداق كۆزقاراش ھېلىمۇ ھۆكۈمران ئورۇندا. چۈنكى، نۇرغۇن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزنىڭ ئەكسىچە بولۇۋاتىدۇ. بەزىدە بىزمۇ شۇنداق خىيالدا بولۇپ قالىمىز. شۇڭا، مەن تەقدىرنى بىر قىسىم ئىشلىرىمىزغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، يەنە بىر قىسىم ئىشلىرىمىزنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى ئۆزىمىزدە دەپ قارايمەن.

تەقدىرنى كەلكۈن ياكى سەلگە ئوخشاتساق، كەلكۈن ۋە سەل كەلگەندە ھەممە يەر سۇ ئاستىدا قالىدۇ. ئۇلار ئۇچرىغان نەرسىنى يالماپ ئۆتىدۇ. ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ھەممە ئۇنىڭ ھەيۋىسى ئالدىدا تىز پۈكىدۇ. ئىنسان ئۇنى توسۇشقا قادىر ئەمەس. لېكىن بىز كەلكۈن كەتكەندە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرمايمىز. سۇ ئامبىرى،



تارماق ئېقىنلارنى ياساپ يەنە بىر قېتىملىق كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئالىمىز. ئۇنىڭ ھەيۋىسىنى پەسەيتىمىز. تەقدىر مۇشۇنداق ھېچقانداق تەييارلىقسىز تۇرغاندا ئۇنىڭ ھەيۋىسىگە تەڭ تۇرغىلى بولمايدۇ، توسۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس.



## تەلەينى قانداق تونۇشنى بىلىۋېلىڭ

تەلەيىي كېلىپ ئورنى كۆتۈرۈلگەن ئادەتتىكى ئادەملەر كۆتۈرۈلۈش جەريانىدا كۆپ ئاۋارىچىلىق تارتمايدۇ. لېكىن يېڭى ئورنىنى ساقلىمىقى تەسكە چۈشىدۇ. ئامەت كەلگەندە ئۇلار قانات چىقارغان كەبى قىيىنچىلىق ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتىدۇ. لېكىن ئەڭ ئېگىزگە چىقىپ توختىغاندا قىيىنچىلىق پەيدا بولىدۇ. بۇنداق تەلەيلىك كىشىلەر كۆپىنچە پۇل - پۇچەك ياكى ھوقۇقدارنىڭ شا[illegible]ى بىلەن شان - شەرەپ ۋە ئورۇنغا ئېرىشىدۇ. لېكىن، شاپائەت ئارقىلىق ئېرىشكەن بۇنداق تەلەي تەقدىرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بۇنداق ئادەملەردە ئورنىنى ساقلىغۇدەك ماھارەت ۋە تالانت كەم بولىدۇ. شۇڭا تەلەي كەلگەندە ئۇنى ساقلاپ قېلىش ھەممىدىن مۇھىم. تەلەي كەلگەن ھامان ئۆز ئىقتىدارىغا تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلار مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن قىلغان ئىشلارنى قىلىش تەلەيلىكلەرنىڭ ئەڭ ياخشى تاللىشى.



## شان-شەرەپ يۈرەكلىلەرگە مەنسۇپ

بەزى گۇناھلىق ئىشلارنىڭ شانۇشەۋكىتى چەكسىز. ھەرىكىتى چېكىدىن ئاشقان بولسا گۇناھسىز ئىش بولۇپ ئۆزگىرىشى ھەتتا شان-شەرەپلىك ئىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، شۇڭا بەزىدە ئاشكارا بۇلاڭچىلىق قىلىش ئەقىللىقلىق. سەۋەبسىز باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش، بويسۇندۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

يۈرەكلىك بولۇش ۋە ئىككىلىنىش سىزدە ئىككى خىل ئوخشىمىغان پسىخىك ئىنكاس پەيدا قىلىدۇ. ئىككىلىنىش، يولىڭىزدا قاتمۇقات توساق پەيدا قىلسا، يۈرەكلىك بولۇش توساقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ. قورقۇنچاقلىقىڭىزنى يېڭىپ، يۈرەكلىك ئىش قىلىشنى ئۆگىنىش ھەربىر ئادەم ئۈچۈن بەكمۇ زۆرۈر.

ھەممە ئادەمنىڭ ئاجىزلىقى بولىدۇ. تىرىشچانلىقىمىزنىڭ ھەممىسى ياخشى نەتىجە بېرىشى ناتايىن. لېكىن يۈرەكلىك ھەرىكەت قىلىشنىڭ ئۇنۇمى بەكمۇ قالتىس بولۇپ، يېتەرسىزلىكىمىزنى يوشۇرۇپ قالىدۇ. دەرىجىدىن تاشقىرى ئالدامچىلار مەلۇم يالغاننى قانچە يۈرەكلىك ئېيتسا باشقىلارنى شۇنچە قايىل قىلغىلى بولىدۇ. ھېكايە قانچە قالايمىقان توقۇلسا شۇنچە ئىشەنچلىك بولىدۇ. چۈنكى



ئۇ ئادەمنىڭ دىققىتىنى بۇراپ، ھېكايىدىكى باغلىنىشقا بولغان سەل قاراشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

سىز بىر ئادەم بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندە يول قويىدىغاندەك، چېكىنىدىغاندەك، مۇرەسسە قىلىدىغاندەك تەسىر بەرسىڭىز، قارشى تەرەپنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويىسىز. چۈنكى، ھەرقانداق ئالاقە، ئۇچرىشىش بىلىشكە تايىنىدۇ. ناۋادا سىز مۇداپىئەگە مايىل، مۇرەسسەپەرەس تەسىر بەرسىڭىز باشقىلار سىزنى قىلچە رەھىم قىلماي دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

يۇرەكلىك ھەرىكەت سىزنى تېخىمۇ ئۇلۇغۋار، ھوقۇقلۇق كۆرسىتىدۇ. بولۇپمۇ تۇيۇقسىز قىلىنغان ھەرىكەت باشقىلارنىڭ ۋەھىمىسىنى قوزغايدۇ. ناۋادا سىز يۇرەكلىك ھالدا باشقىلارنى قورقىتالىسىڭىز، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە پۈت دەسسىگۈدەك جايغا ئېرىشىسىز، كېيىنكى ئالاقىلاردە باشقىلار مۇداپىئەگە چۈشۈپ قالىدۇ. قورققان ھالدا ھۇجۇمىڭىزدىن مۇداپىئە قىلماق كويىغا چۈشىدۇ. ناۋادا ھەرىكەت قىلغاندا ئىشەنچىڭىز يېتەرلىك بولمىسا، ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىز چۈشەپ قويىسىز. مەسىلە پەيدا بولغان ھامان نېمە قىلىشنى بىلمەي مۇۋاپىق بولمىغان ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىسىزدە، مەسىلە ھەل بولۇش ئۇياقتا تۇرسۇن تېخىمۇ ئاۋۇپ كېتىدۇ. ئۇۋۇ-



چىدىن قورققان يۈرەكسىز توشقان ھودۇقۇپ كەتكەنلىكىدىن بەكمۇ ئوڭاي تۇزاققا چۈشۈپ قالىدۇ.

ئىككىلىنىپ تۇرغان ۋاقتىڭىز ماھىيەتتە قارشى تەرەپكە قانداق تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋېلىش پۇرسىتى بەرگەنلىكىڭىزدۇر. قورقۇنچاقلىقىڭىز باشقىلارنىڭ گۇمانىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۈرەكلىك ھەرىكەت ۋە تېز قىلغان ھۇجۇم كەمچىلىكىڭىزنى تولۇقلاپ، باشقىلارغا گۇمانلانغۇدەك پۇرسەتمۇ بەرمەيدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بەزى ئىشلاردا ئىككىلىنىش ئەجەللىك خاتالىقتۇر. ئىككىلىنىش جەريانىدا قارشى تەرەپ نىيىتىڭىزنى بىلىۋالىدۇ. ئەكسىچە يۈرەكلىك بولسىڭىز قىلغان ھۇجۇم بىلەن ئىشلىرىڭىزدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، باشقىلارغا ئويلانغۇدەك پۇرسەتمۇ قويمايسىز.

يۈرەكلىك بولسىڭىز جەلپكارلىقىڭىز ئېشىپ تېخىمۇ قالتىس كۆرۈنىسىز. قورقۇنچاق ئادەمنى ھېچكىم تونۇمايدۇ، يۈرەكلىك ئادەمگە دىققەت قىلىدىغانلار كۆپ بولىدۇ. ئۇلار ناھايىتى ئوڭاي ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ. بىز ھەممىشە يۈرەكلىك ئادەملەردىن كۆز ئۈزەلمەيمىز. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىك ھۇجۇمىدىن زوقلىنىپ كېتىمىز. زور كۆپچىلىك ئادەم قورقۇنچاق بولىدۇ، جىددىيلىكتىن، زىددىيەتتىن قاچىدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشنى تەمە



قىلىدۇ، يۈرەكلىك بولۇشنى خىيال قىلىدۇيۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ.

بىز قورقۇنچاقلىقىمىزنى يوشۇرۇپ قالالايمىز. باشقىلارغا بولغان كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلماسلىقنى ئويلاپ يۈرەكلىك بولالمىدۇق دەۋالىمىز. ئەمما ئەھۋال ئەكسىچە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز باشقىلارنىڭ بىرنەرسە دەپ قېلىشىدىن قورقىمىز. يەنە بىر تەرەپتىن يۈرەكلىك بولۇش سىرتقا قارىتىلغان ھەرىكەت بولۇپ ئادەم ئۆزىنى تېخىمۇ ئەركىن سېزىدۇ، بېسىم ھېس قىلمايدۇ.

شۇنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەككى، يۈرەكلىك بولۇشمۇ ھەم قورقۇنچاقلىقىمىزمۇ تۇغما ئەمەس. قورقۇنچاقلىق، زىددىيەتلىشىپ قېلىشتىن ئەنسىرەشتىن كېلىپ چىققان ناچار پسىخىكا، ئۇنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش كېرەك. يۈرەكلىك ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇش رېئاللىققا ماس كەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە يۈرەكسىزلىكنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ پاجىئەلىك بولىدۇ. قىممىتىڭىز تۆۋەنلەپلا قالماي، گۇمانلىنىش ۋە ئاپەت چەمبىرىكى ئىچىدە قالىسىز. قاپ يۈرەكلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىنى يەنە بىر قاپ يۈرەكلىك ئارقىلىق يوشۇرغىلى بولىدۇ. لېكىن قورقۇنچاقلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى قورقۇنچاقلىق ئارقىلىق تولۇقلاش مۇمكىن ئەمەس.



## پۇرسەت بىزگە ئۆزىمىزنى تونۇتىدۇ

غەلىبە قازانغان ئادەم بولىمەن دەيدىكەنسىز، پۇرسەتتىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىشىڭىز لازىم.

زور كۆپچىلىك ئادەملەر ئۆسۈملۈككە ئوخشاش، ئۆز قىممىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ چەكسىز ئېھتىماللىقىغا ئىگە.

پۇرسەت بىزگە باشقىلارنى ھەم ئۆزىمىزنى تونۇتىدۇ.

مۇھىم ئەھۋاللاردا زور كۈچ سەرپ قىلىپ، پۇرسەت يارىتىمەن دېمەستىن ھازىر بار بولغان پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇشنى بىلىڭ.



## تەقدىر باتۇرلارغا ئامراق

تەقدىر بەكمۇ ئۆزگىرىشچان، لېكىن ئادەمنىڭ ماھىيىتىنى ئۆزگەرتمەك تەس. ئىككىسى ماس كەلگەندە ئادەمنىڭ تەلىيى كېلىدۇ. ئىككىسى توقۇنۇشۇپ قالسا، ئادەمنى نەس باسىدۇ. تەقدىر بىر قىزغا ئوخشايدۇ. سىز ئۇنى باتۇرلۇقىڭىزغا تايىنىپ بويسۇندۇرالايسىز. مەردانىلىقىڭىزغا تايىنىپ ئۇنى تىترىتەلەيسىز. ئۇمۇ خەتەرلىك ۋە جىددىي ھەرىكەتلەرگە ئامراق كىشىلەرگە بويسۇنۇشنى خالىسىمۇ، ياۋاش ۋە ئېغىر - بېسىق كىشىلەرگە بويسۇنۇشنى خالىمايدۇ. تەقدىر مەڭگۈ ئاياللارغا ئوخشايدۇ. باتۇر، ياش ئەرلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا ئاياللارنى قانداق ئىندەككە كەلتۈرگەن بولساق، ئۇنى شۇنداق ئىندەككە كەلتۈرۈش لازىم.



## ھەممە ئىشتا ئۆزىگە تايىنىش كېرەك

ئۇزاق مەزگىلگىچە روناق تېپىپ ئاخىرىدا مەغلۇپ بولغان ئادەملەر تەقدىردىن ئاغرىنماسلىقى، بەلكى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن ئاغرىنىشى كېرەك. چۈنكى ئۇلار نورمال چاغلاردا ئۆزگىرىش يۈز بېرىشىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى تونۇمىغان ئادەمدۇر. ئاپەت يېتىپ كەلگەن ھامان ئۇلارنىڭ كاللىسىغا قېچىشتىن باشقا ئوي كەلمەيدۇ. بىر كۈنلىرى ئەھۋال ياخشىلىنىپ تەلەي ماڭا يەنە ئالدىنى قىلىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. بۇنداق ئامال باشقا ئاماللار قالمىغاندا ئەسقېتىشى مۇمكىن، لېكىن ھېچقانداق تەدبىر قوللانماي قولىنى بۇرنىغا تىقىپ تۇرۇش ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى يىقىلغان پېتى يېتىۋېرىشكە بولمايدۇ. بىرەرسى يۆلەپ قويىدىغان ئىش بولمىسىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك. چۈنكى باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇش ھامان ئۆزى ئورنىدىن تۇرغانغا يەتمەيدۇ. باشقىلارنىڭ ياردىمىنى تەمە قىلىش قورقۇنچاقلىقتۇر. ئەڭ ئىشەنچلىك ئامال ئەڭ رېئال، مۇداپىئەسى پۇختا بولغان ئۆزىگە، ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىغا، تالانتىغا تايىنىشتۇر.



## قەھرىمان ھامان ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى كونترول قىلىدۇ

ئەمدىلا ئىگىلىك تىكلىگەن ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىشلىرىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، قىلدۇرالماسلىقى ئۇنىڭ ئىقتىدارىغا مۇناسىۋەتلىك. كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەملەر ھەققىدە پاراڭ سالغاندا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرىنى ئۇلارنىڭ تالانتى ۋە تەلىيىگە باغلايدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئادەمدە تالانت ۋە تەلەيدىن ئىبارەت ئىككى نەرسىنىڭ بىرى بولسا، ھەرقانداق قىيىنچىلىقنى يەڭگىلى بولىدۇ. لېكىن تەلىيىگە تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەمگە قارىغاندا، بىر مەقسەت ئۈچۈن ئىزچىل تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئادەملەرنىڭ سانى كۆپ.

تارىختا نۇرغۇن ئادەملەر تەلىيىگە ئەمەس، ئۆزىدىكى تىرىشچانلىق ۋە ئەۋزەللىككە تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇلار پۇرسەتكە ئېرىشكەندىن باشقا تەقدىرنىڭ قولىدىن ھېچقانداق تەلەيگە نائىل بولمىغان. ئۇلار پۇرسەت بەرگەن ماتېرىيالدىن ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئوبرازلارنى لايىھىلەپ چىققان، ناۋادا ئۇلار پۇرسەتكە ئېرىشمىگەن بولسا كۈچى ئىسراپ



بولۇپ كېتەتتى. يەنە ناۋادا ئۇلارنىڭ ئۆز كۈچى بول-
مىغان بولسا پۇرسەتنىڭمۇ رولى بولمايتتى.

مۇسانىڭ مۇۋەپپەقىيىتى، ئىسرائىلىيىلىك-
لەرنىڭ مىسىرلىقلارنىڭ قۇللۇقى ئاستىدا قالغانلىقى
تۈپەيلىدىن كەلگەن، ئىسرائىلىيىلىكلەر قۇللۇق ۋە
زۇلۇم تۈپەيلىدىن ئۇنىڭغا ئەگەشكەنىدى. پۇرسەتنى
توغرا تونۇش ۋە چىڭ تۇتۇش ناھايىتى مۇھىم. پۇر-
سەت بىلەن تىرىشچانلىق، تالانت بىرلەشسە ھەرقانداق
ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتكە ئاساس سالغىلى بولىدۇ،

تالانتقا تايىنىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئادەم-
لەرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۇنداق ئوڭاي قولغا كەلگەن
ئەمەس. لېكىن ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ساقلاپ
قالمىقى ئۇنچە تەس ئەمەس. ئۇلۇغ كىشىلەر مۇۋەپ-
پەقىيەت قازىنىش يولىدا نۇرغۇن جاپا- مۇشەققەت-
لەرنى، خېيىم- خەتەرلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن.
بۇلارنى يېڭىش جەريانىدا باتۇرلۇقى ۋە تالانتىغا تايانغان
. ئۇلار قىيىنچىلىقنى يەڭگەن ھامان كىشىلەر ئۇلارغا
ھۆرمەت قىلىشقا باشلىغان. ئۇلار ھەسەتخورلارنى (-
ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ خاراكتېرىگە ھەسەت قىلغان كى-
شىلەرنى) باستۇرغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۈچەي-
گەن، ئورنى مۇستەھكەملەنگەن، ھۆرمىتى ئې-
شىپ، تېخىمۇ بەختلىك ئادەمگە ئايلانغان.

مەن سوراگۇلىق خېلونى مىسال ئالىمەن. ئۇ



ئاددىي ئادەمدىن پادىشاھلىققا كۆتۈرۈلدى. تەقدىر ۋە پۇرسەتتىن باشقا ھېچنېمە تەمە قىلمايلا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. سوراگۇلىقلار ئېزىلىشكە ئۇچرىغاندا ئۇنى ئۆزلىرىگە باش قىلدى. ئۇ بۇ ئورۇندا تالانتىغا تايىنىپ قەدەممۇقەدەم ئىلگىرىلەپ ئاخىرى پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئۇ كونا خەلق قوشۇنىنى تارقىتىۋېتىپ يېڭى ئارمىيە تەشكىللىدى. بەزى كونا دوستلىرىدىن ۋاز كېچىپ يېڭى دوست تاپتى. ئۆزىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ئىتتىپاقداشلىرى ۋە ئەسكەرلىرىنى تاللىدى. مۇشۇلار ئاساسىدا ئەڭ ئاخىر پۇختا قەدەم بىلەن ئۆز پادىشاھلىقىنى قۇرۇپ چىقتى. تەختكە ئولتۇرۇش جەريانىدا جاپا تارتقان بولسىمۇ، ئۇنى ساقلاپ قېلىشتا ئانچە قىينالمىدى.



## ئىقتىدارنى جايىغا ئىشلىتىش كېرەك

ئادەمدىكى ھەربىر ئىقتىدارنىڭ ، دەرەخنىڭ ھەممە قىسمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە رولى بولغاندەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ۋە رولى بولىدۇ.

ئادەملەرنىڭ ئىشلىتەلەيدىغان ئىقتىدارى تەقدىرنىڭ ئۆلارغا قىلغان ئىلتىپاتىدۇر. لېكىن بۇ ئىقتىدارنى چوقۇم جايىغا ئىشلىتىش كېرەك.

ئىقتىدارى ئادەتتىكىچە، لېكىن ئۇنى جانلىق ئىشلىتىپ، شان ـ شەرەپكە ئېرىشەلەيدىغان كىشىلەر ئىقتىدارى بار، ئەمما جايىدا ئىشلىتەلمەيدىغان كىشىلەرگە قارىغاندا شان ـ شۆھرەتلىك كېلىدۇ. ئىقتىدارىنى ئوبدان ئىشلىتىدىغان كىشىلەرنىڭ بەزى قىلىقلىرى كۆلكىلىك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن تېگىگە يوشۇرۇنغان ، مەزمۇن بەكمۇ چوڭقۇر ۋە مېغىزلىق بولىدۇ. بەزىلەر قارىماققا دۆت، لېكىن ئۇلارنىڭ ئادەمگە بەرگەن دۆتلەرچە تەسىرىنىڭ كەينىگە چوڭقۇر پاراسەت يوشۇرۇنغان. ۋاقتى كەلگەندە دۆت قىياپەتكە كىرىۋېلىشمۇ ئاقىللىقتۇر.

بىر ئادەمنىڭ قىممىتىگە ھۆكۈم قىلغاندا ئىقتىدارىنىلا ئۆلچەم قىلماي بۇ ئىقتىدارنى قانداق



ئىشلىتىدىغانلىقىغىمۇ قاراش كېرەك. ھەرىكىتى ئادەمگە بەك سەلتەنەتلىك، ئۇلۇغ كۆرۈنىدىغان، لېكىن ئالىيجاناب مەقسەتكە ئىگە ئەمەس كىشىلەرنى ئۇلۇغ دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. ھەرىكەت بىلەن مەقسەت بىرىكسە ئادەم كۈتكەن ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ.



## ھەقىقىي ھۆكۈمران تەقدىر ۋە كەيپىياتتۇر

دۇنيانىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانى تەقدىر ۋە كەيپىياتتۇر. تەقدىر بىزنىڭ ياخشىلىق، ئەسكىلىكىمىزنى ئاشكارىلايدۇ. ناۋادا بىز كەلگۈسىدە نېمە قىلىدىغانلىقىمىزنى مۇقىملاشتۇرالمىساق، تەقدىرىمىزنى پەرەز قىلىش قىيىن.

تەقدىر ئۇنىڭدىن پايدا ئالغان ئادەملەرنىڭ تونۇشىدەك قارىغۇ ئەمەس. تەقدىر يول ساناپ چىقىدىغان ئادەملەرگىلا خەيرىخاھلىق قىلىدۇ. شۇڭا، تەقدىرنى سالامەتلىكىمىزنى باشقۇرغاندەك باشقۇرۇشىمىز كېرەك. تەلەيگە ئۇچرىغاندا ھوزۇرلىنىپ، پالاكەتكە يولۇققاندا چىدىشىمىز كېرەك. ناۋادا تەقدىر بىزگە بىر مۇھىم ئورۇننى ھەدىيە قىلسا، بىز بۇ ئورۇندىن پايدىلىنىپ ئورنىمىزنى تېخىمۇ يۇكسەكلەشتۇرمىسەك، ئۆزىمىزنى مۇكەممەللەشتۇرمىسەك، شۇ ئورۇننى ساقلىماقمۇ بىر گەپ بولۇپ قالىدۇ.

تەقدىر بىزگە ئاتا قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قىممىتىنى بىلىپ قوبۇل قىلىشىمىز لازىم. قارىماققا ئادەملەرنىڭ تەقدىرى شۇنداق مۇرەككەپتەك كۆرۈنسىمۇ، تەلەي بىلەن ئاپەت تەكشى بولىدۇ، تەقدىر بەزىدە بىزنىڭ كەمچىلىكىمىزدىن



پايدىلىنىپ ئورنىمىزنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى مۇمكىن.

بەزى ئادەملەر ئادەمنى شۇنداق بىزار قىلىدۇ. ناۋادا بىز ئۇلاردىن قۇتۇلۇشنى ئىزدىسەك، ماھىيەتتە بۇ ئۇلارغا بېرىلىدىغان نەتىجە ۋە مۇكاپاتنى بەرمىگەنلىكتۇر. پەيلاسوپلارنىڭ بايلىقنى كۆزگە ئىلماسلىقى، تەقدىر ئۇلارغا بەرگىلى ئۇنىمىغان نەرسىلەرنى كەمسىتىش ئارقىلىق تەقدىرنىڭ مۇكاپات جەھەتتىكى ئادالەتسىزلىكىگە بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەشتۇر. بۇنداق كەمسىتىش ماھىيەتتە نامرات تۇرۇپمۇ چۈشكۈنلەشمەسلىكنىڭ سىرىدۇر. شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر. چۈنكى ئۇلار، بۇنداق ھۆرمەتكە بايلىق ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ.



# ئۆزىڭىزدىن كۈچلۈك ئادەملەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەڭ

ئېسىڭىزدە بولسۇن، مەجبۇرلىنىپ قالمىسىڭىزلا ئۆزىڭىزدىن كۈچلۈك بىر ئادەم بىلەن بىرلىشىپ ئىش قىلىمەن دەپ ئويلىماڭ. ناۋادا ئىتتىپاق تۈزۈپ قالسىڭىز ئىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندا قارشى تەرەپنىڭ خورىكى تېخىمۇ ئۆسۈپ، سىزنى كۆزگە ئىلمايدۇ. كىشىلەر مۇۋەپپەقىيەتنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭدىن كۆرىدۇ. ناۋادا مەغلۇپ بولسىڭىز كىشىلەر ئەكسىچە سەۋەبىنى سىزگە ئارتىپ قويىدۇ. ئەينى چاغدا ۋېنېتسىيىلىكلەر بىلەن فرانسۇزلار ئىتتىپاقلىشىپ مىلان بەگلىكىگە قارشى تۇرغان ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىتتىپاق ئۇلارنى ھالاكەتكە سۆرەيدىغان ئىتتىپاق بولۇپ، بۇنداق ھالاكەتتىن ساقلىنىپ قېلىش ئىمكانىيىتى بار ئىدى. لېكىن، بەزى ئىشلارغا ساقلانغىلى بولمايدىغان يەرگە كەلگەندە پەرقلەندۇرۇپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

ئىتتىپاق تۈزگەندە ئامال بار ۋەزىيەتنى كۆزىتىپ باشقىلارغا يەم بولۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە ئۆز كۈچىنى ساقلاپ قېلىش، ئۆزىگە تېگىشلىك مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئەڭ ياخشى ئامالدۇر.



## مۇرەسسە قىلىش ئەڭ ناچار ئىشتۇر

بەزى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى ئازاب ـ ئوقۇبەتتە ئۆتىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەربىر ئىشتا مۇرەسسەچىلىك قىلىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەيسەررەك بولۇش كېرەكلىكىنى بىلىسمۇ، ئەمما يەنىلا توخۇ يۈرەكلىك قىلىدۇ. ئۇلار بىز تۈگەشتۇق دەپ ئويلايدۇ. ئىززەت ـ ئابرۇي بىلەن كارى بولمايدۇ. مانا بۇ مۇرەسسەچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى.

ئادەم نېمىشقا مۇرەسسەچىلىك قىلىدۇ؟ زىيان تارتىپ نېمە كېتۇ؟ ھاياتلىقتا ئىلاج بار ئەركىن ياشاش كېرەك. سۈلھى قىلماسلىق كېرەك. سىزنىڭ پۈتۈن پىكىر ـ خىيالىڭىز سۈلھ قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. چۈنكى بىز شۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغان.

«سۈلھى قىلىش» سۆزى تىلىمىزدىكى ئەڭ يېقىمسىز سۆزدۇر. ئۇنىڭدىن، سىز يېرىمىنى چىقىرىڭ، يېرىمىنى مەن قىلاي، قالغان يېرىمىنى سىز، دېگەندەك مەنە چىقىدۇ. نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ. پۈتۈن ئەرسىنىڭ ئۆزىگە ئېرىشەلەيدىغان تۇرۇپ، يېرىمىنى نېمە قىلىسىز؟

غەيرەتلىك بولۇڭ، ئەگەر سىز مۇرەسسە قىلماسلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ۋە مۇرەسسە



قىلماسلىق ئېلىپ كەلگەن ئابرۇيىنى سېزىپ، ئۆزىڭىزنىڭ مۇكەممەل ئىكەنلىكىڭىزنى تونۇپ يەتسىڭىز، سىز ئۆزىڭىزنى يىلتىزى باردەك، ئۆز ئىشىڭىزنى ئۆزىڭىز قارار قىلالايدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلىسىز.



## ھايات ۋە سۆيگۈ ھەققىدە

سۆيگۈ ھاياتنىڭ سايىسىگە ئوخشايدۇ. ھاياتنىڭ ئۆزگىرىشى سۆيگۈنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئوتتەك سۆيگۈ ۋە باھاردەك ھايات شادلىق ۋە ئۈمىدكە تولغان بولىدۇ. ئادەم مۇھەببەتلەشكەندە ئۆزىنى بەختلىك سېزگەندەك، ياشلىقىدىن بەخت ھېس قىلىدۇ. بۇنداق بەخت تۇيغۇسى بىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە مۇستەھكەم بەختكە ئىنتىلدۈرىدۇ. ئادەملەر ياشىغانغا قانائەت قىلمايدۇ، يەنە تەرەققىي قىلىشنى ئىستەيدۇ. ئامال بار تەرەققىيات ئارقىلىق بەختنى مۇستەھكەملىمەك بولىدۇ. بىز ئىنتىلگەن نەرسىگە باشقىلارنىڭ ئىنتىلىشىنى خالىمايمىز. رىقابەت جەريانى غەم ۋە جاپاغا تولغان بولىدۇ. غەم ۋە جاپا ئەڭ ئاخىرى غەلىبىنىڭ شادلىقى ئالدىدا ئىستەك توزۇپ كېتىدۇ. ئادەمنىڭ ئارزۇسى قانغاندا بىر كۆڭلىرى بەختسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاشنى خالىمايدۇ.

بەخت مەڭگۈلۈك ئەمەس. ئۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاز قالىدۇ ۋە يوقايدۇ. بىز ئارزۇ قىلغان نەرسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور ئارزۇدا بولۇشقا مەجبۇر. ئەڭ چىرايلىق نەرسە بىزگە مەنسۇپ بول-



غاندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا گۈزەللىكىنى يوقىتىدۇ. ھەتتا بىزنى بىزار قىلىشى مۇمكىن، بىز ئۆزىمىز سەزمىگەن ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرىمىز. ئېرىشكەن نەرسە مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. يوقىتىپ قويساق ئازابلىنىمىز، قايتا ئېرىشسەك ئۇنچە خۇشال بولۇپ كەتمەيمىز. يەنە باشقا يەردە، قەلبىمىز ئىنتىلىۋاتقان يېڭى بىر نەرسىدىن شادلىق ئىزدەشكە باشلايمىز. بۇنداق نورماللىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان نەرسە ۋاقىتتۇر. ۋاقىت ھايات ۋە سۆيگۈنى ئۇپرىتىپ يوق قىلىدۇ. بۇنداق ئۇپراش ئىچىدە سۆيگۈنىڭ ئۇپرىشىغا بەرداشلىق بەرمەك ھەممىدىن قىيىن بولىدۇ.



## سۆيگۈ يوقالسا ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ ئالاقىسى تۈگەيدۇ

ئادەم سۆيگۈدىن ئايرىلغان ھامان باشقا ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ دەردىنى بېسىشقا مەجبۇر بولىدۇ، دەرەخ كېسىدۇ، كېسەك قۇيىدۇ. نۇرغۇن باشقا ئىشلارنى قىلىدۇ. لېكىن ئادەملەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا سۆيگۈ بولمىسا بولمايدۇ، بۇنداق ئالاقە ھەسەل ھەرىسى بىلەن ئالاقە قىلغاندىكى ئېھتىياتچانلىققا ئوخشايدۇ.

ھەسەل ھەرىسى بىلەن ئۇچراشقاندا ئېھتىيات قىلمىسىڭىز بەزىدە ئۇ زىيانغا ئۇچرىسا، بەزىدە سىز زىيانغا ئۇچرايسىز، ئادەم بىلەن ئالاقە قىلىشمۇ شۇنداق، باشقىلارنى سۆيەلمىسىڭىز تىنچ ئولتۇرۇپ ئۆزىڭىز خالىغان ئىشنى قىلىڭ. باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلمىسىڭىزلا بولدى. قەلبىڭىزدە سۆيگۈ يوق كۈنلىرى باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلماڭ. بۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ ھايۋانىيلىقى ئۈستۈن كەلگەن بولىدۇ، باشقىلارغا زىيان سالماي قالمايسىز. ئۆزىڭىزنىمۇ ئازابلايسىز. باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلغاندا باشقىلارغا ئازاب سالماي دېسىڭىز، سۆيگۈ ھېس قىلمىغاندا ئۇلار بىلەن ئالاقە قىلماڭ.



# سۆيگۈنى تىلىگىلى بولمايدۇ

سۆيۈش ئىنتايىن چىن، گۈزەل جەريان. سۆيگۈ سىزنى پادىشاھقا ئايلاندۇرىدۇ. سۆيگۈ تىلەش بىچارىلىق.

سۆيگۈ تىلەپ قەلەندەر بولماڭ. سۆيگۈ بېرىپ پادىشاھ بولۇڭ. چۈنكى، سۆيگۈ قەلبىڭىزدىكى تۈگىمەس بايلىق. بېرىپ تۈگىتەلمەيسىز، مەڭگۈ قۇرۇپ قالمايدۇ.

سۆيگۈ سان ئەمەس سۈپەت. بۇ سۈپەت ئۆزىڭىزنى ئاتىشىڭىز بىلەن پارلىسا، پەرۋاز قىلماسلىقىڭىز بىلەن ئۆلىدۇ. شۇڭا سۆيگۈ بېرىشتە بىر ئىسراپخورغا ئايلىنىڭ. كىمنى سۆيسىڭىز بارلىقىڭىز بىلەن سۆيۈڭ.

سۆيگۈ يامغۇرغا ئوخشايدۇ. سىز بىر پارچە يامغۇر تولغان بۇلۇت كەبى يامغۇر ياغدۇرۇڭ. يامغۇرنىڭ تەگسە ياغدىغانلىقى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن. يامغۇر يېشى بۇلۇتنىڭ يۈكتىن قۇتۇلۇش جەريانى، بۇ جەريان بۇلۇتقا شادلىق بېرىدۇ.

بىلىۋېلىڭ. سۆيگۈ تەلەپ قىلماڭ، ئۇنى كۈتمەڭ. باشقىلار تەلەپ قىلغاندا بېرىمەن دېمەڭ. قىلچە مىننەتسىز، شەرتسىز ھالدا سۆيۈڭ.



## مەڭگۈلۈككە ئىنتىلمەڭ

ھاياتلىقتا مەڭگۈلۈك نەرسە بولمايدۇ ھەم بولالمايدۇ. ئەگەر سىز بولىدۇ، دەپ قارىسىڭىز ئۇ ھالدا ئۇ نەرسە سىزنىڭ كونتروللۇقىڭىزدىكى نەرسە ئەمەس. قانچە جانلىق نەرسە شۇنچە ئوڭاي ئۆلىدۇ. پەقەت ئۆلۈملا مەڭگۈلۈك. بۈگۈنكى مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئەتە قانداق بولۇشىنى كىم بىلسۇن؟ بەلكىم ئۇ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشى مۇمكىن ۋە ياكى تۇرالماسلىقى مۇمكىن. بۇنى سىز كونترول قىلالمايسىز. مەۋجۇت نەرسە مەۋجۇت. مەۋجۇت بولمىغان نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. بۇنىڭغا سىزنىڭ ھېچقانداق ئامالىڭىز يوق.

شۇ سەمىڭىزدە بولسۇنكى، ئۆزىڭىزنى خۇشال - خۇرام، بەختلىك دەپ ئويلىغان چاغلاردا ئۇنى مەڭگۈلۈك دەپ ئويلاپ قالماڭ. ئەكسىچە شۇ خۇشال ۋاقىتلارنى قەدىرلەڭ. ئۇ كەلگەن ئىكەن ھەم كېتەلەيدۇ. خۇددى شامال ھۇجرىڭىزغا ئۆزىنىڭ ساپ ھاۋاسىنى تەقدىم قىلىپ، ھۇجرىڭىزنىڭ يەنە بىر ئىشىكىدىن چىقىپ كەتكەنگە ئوخشاش.

ئۆزىڭىزنى خۇشال - خۇرام، بەختلىك ھېس قىلغان پەيتلەرنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشىنى ئويلىغان



ۋاقتىڭىزدا سىز ئۇلارنى يوقىتىشقا باشلىغان بولىسىز. خۇشال بولغان ۋاقتىڭىزدا ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولۇڭ. خۇشاللىق يوقالغاندا بولسا، ئۆتمۈشىڭىزدە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئەسلەڭ. خۇشاللىقنىڭ يوقالغانلىقىغا ھۆكۈم قىلىۋەتمەڭ. ئۇ يەنە كېلىشى مۇمكىن. كۆڭلىڭىزنى خۇشال ـ خۇرام تۇتۇڭ.

توغرا، بەزى ۋاقىتلاردا ئازابلىنىپ قالىسىز. ئەمما نېمىمۇ قىلالايسىز؟ بەزى كىشىلەر بىر ئۆمۈر ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئازراقمۇ خۇشال ئۆتكەن دەقىقىلىرى بولمايدۇ. ئۇلارغا قارىغاندا سىز خېلى تەلەيلىك. ئەمما ئازابلانغان ۋاقتىڭىزدا ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىنى ئۇنتۇماڭ، ئارتۇقچە باش قاتۇرۇپ كەتمەي، تەبىئىيلىكىڭىزنى ساقلاڭ. خۇددى كېچە بىلەن كۈندۈزگە ئوخشاش، ھاياتلىقتا خۇشال بولىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولىدۇ. سىز ئۇلارنى «ئىشلار مۇشۇنداق بولىدۇ»، بۇلار تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى دەپ قوبۇل قىلىڭ.

سىز پەقەت بىر كۆزەتكۈچى، خۇشاللىق كەلگەن ئىكەن كېتىدۇ. ئازاب ـ ئوقۇبەتمۇ ھەم شۇنداق. پەقەت بىرلا نەرسە ھەمىشە شۇ يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ياندىن كۆزەتكۈچى.



## سەۋەنلىكنى كەچۈرگىلى بولغان بىلەن، كۆزگە ئىلماسلىقنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ

ھەرگىز باشقىلارنى «مەندىن ئاجىز» دەپ سەل چاغلىماڭ. بەزى كىشىلەرنىڭ سىزنىڭ بۇنداق ئەدەپسىزلىكىڭىزگە قارىتا ئىنكاسى ئاستا بولىدۇ. نەتىجىدە سىز ئۇلارنىڭ قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلالمايسىز - دە، ئاقىۋەتتە ئۇلار تەرىپىدىن ھاقارەتلىنىشكە مەجبۇر بولىسىز. ئەگەر سىز ئۇلارنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىغا ۋە غۇرۇرىغا تەگسىڭىز، ئۇلار شۇ ھامان سىزگە زەربە بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېغىر - بېسىق خاراكتېرىگە نىسبەتەن بۇنداق زەربە سىزگە شۇنداق تۇيۇقسىز، تاسادىپىي تۇيۇلىدۇ.

مەيلى باشقىلار سىزدىن ئەڭ ئاددىي تەلەپلەرنى كۈتسۇن ياكى ئۇلارنىڭ سىزگە بەرگەن تەكلىپىنى ئەخمىقانە دەپ ئويلاڭ، ئەگەر رەت قىلىشنى لايىق كۆرسىڭىز، قارشى تەرەپنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگىدىغان ئۇسۇللار بىلەن رەت قىلماستىن ئەكسىچە ئەدەپ بىلەن، ئۇلارنى ھۆرمەت قىلغان ئاساستا رەت قىلىڭ. چۈنكى سىز قارشى تەرەپنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىز. ھاياتلىقتىكى



نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتسەكمۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىمىزگە قىلغان ھاقارىتىنى ئۇنتۇيالمىغىنىمىزغا ئوخشاش، باشقىلارمۇ بىزنىڭ ھاقارىتىمىزنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ.

ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا، قارشى تەرەپنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى توغرا مۆلچەرلەش ۋە باھا بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر ئۇنداق قىلماي قارىغۇلارچە، تەۋەككۇلچىلىك قىلىپ، خەتەرگە يول قويسىڭىز، باشقىلارنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرايسىز. مەيلى نېمە ئىش قىلىڭ، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆز نىشانىڭىز ۋە بۇ يولدىكى رىقابەتچىڭىزنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىڭ. ئۇنداق قىلمىسىڭىز خاتالىق سادىر قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە نۇرغۇن ۋاقىتىنى ئىسراپ قىلىۋېتىسىز. شۇڭا، قارشى تەرەپنىڭ ئەپت-بەشىرىسىنى سىز تونۇشتىن ئىلگىرىلا بىلىۋېلىشىڭىز لازىم.

شۇ ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىشىڭىز كېرەكى، بىرى، رىقابەتچىڭىزنى ھەرگىز ئۆزىڭىزنىڭ بىۋاستە سېزىمىگە تايىنىپ مۆلچەرلىمەڭ. ئەگەر شۇنداق قىلسىڭىز، چوڭ خاتالىق سادىر قىلغان بولىسىز. ھېچقانداق نەرسە كونكرېت بىلىمنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. مەيلى قانچىلىك ۋاقىت كەتسۇن، قارشى تەرەپنى توغرا مۆلچەرلىگەندە ئاندىن ياخشى



نەتىجىگە ئېرىشەلەيسىز. ئىككىنچىسى، ھەرگىزمۇ سىرتقى قىياپەتكە ئىشىنىپ كەتمەڭ. ھەرقانداق زەھەرخەندە ئادەم شەپقەتچى ۋە ياخشى ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ماھىيىتىنى يوشۇرىدۇ. قارىماققا ھەيۋەتلىك، سۈرى بار كۆرۈنگەن ئادەمنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. سىز تاشقى ھادىسە ۋە ئىچكى زىددىيەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىۋېلىپ، ئۇلار ئاشكارا قىلغان ئەھۋالغا چىنپۈتۈپ كەتمەڭ. بۇنداق ئەھۋال بەكمۇ ئىشەنچسىزدۇر.



## ئۆزىڭىزگە مۇكاپات ئىزدەڭ

باشقىلارنىڭ قانداق ئويلىشى بىلەن ھېسابلاشماستىن، ئۆز تۇرمۇش پرىنسىپىڭىز بويىچە ياشاشقا ئادەتلىنىشىڭىز كېرەك. باشقىلارنىڭ كۆزقارىشى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدىغانلار، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز قەلبىدە ئۆزى ئۈچۈن مۇكاپات بۇيۇمى ئىزدەۋاتقانلاردۇر.

بىر ئىشنى قىلىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەندە كۆڭۈل خاتىرجەملىكىگە ئېرىشىپ، قالايمىقان ئويلاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئادەملەر تۇغۇلۇشىدىنلا ئىش قىلىشقا يارالغان. كۆڭلىدە نېمىدۇر بىر نەرسىگە تەلپۈنىدۇ. شۇڭا ئۇلار جىم تۇرالمايدۇ. ئازراقلا ھەرىكەت قىلسىڭىز ئۇنىڭدىن سىزگە پايدىلىق، پايدىسىز بولغان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ. تەپەككۇرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئەگەر بىز پايدىلىق تەرەپتىن ئويلىمىساق، ئۇ ھالدا چوقۇم پايدىسىز تەرەپلەردىن ئويلايمىز. چوقۇم تەپەككۇر قىلىشىمىز كېرەككەن، ئۇنداقتا مېنىڭچە پايدىلىق ئىشلار تەرەپكە ئويلاپ، شۇ بويىچە ئىزدەنگەندە تۇرمۇشىمىز چوقۇم مەنىلىك ئۆتىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا مەيلى قانداق



تولسالغۇلار بولسۇن، سىز تۇرمۇشىڭىز قىزىقىمىنى ھېس قىلالايسىز.

قالايمىقان ئويلاشىڭىز ياخشى تەرەپلىرى بولمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە سىزدە جاھاندىن بىزار بولۇش تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ قويىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماڭ.



## تەڭرى بىزنىڭ خاتالىقىمىزنى تۈزىمەيدۇ

تەڭرىم مېنىڭ خاتالىقىمنى تۈزەيدۇ، دېگەن ئويدىن قۇتۇلۇڭ. ئالدىڭىزدا بىر تەخسە بەتتەم تاماق بولسا، تەڭرى ئارزۇيىڭىز بويىچە ئۇنى تەمىلىك، نوچى تاماق قىلىپ بېرەلەمدۇ؟ ياق. ناۋادا سىز كۆپ يىللاردىن بۇيان ھاياتىڭىزنى نادانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە تەڭرىدىن ياخشى نەتىجىگە ئېرىششنى تىلىسىڭىز قاملىشامدۇ؟

ئادەمگە كېرىكى، ئۆزىدىكى تونۇشقا تايىنىپ گۇناھىدىن، ئازغۇنلۇقتىن، خۇراپاتتىن خالاس بولۇش.



## ئۇششاق سۆز كىشىلەر ئۇلۇغ ئىشلارغا يارىمايدۇ

ئۇششاق سۆز كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى بەكمۇ بىمەنە بولىدۇ. ئۇلار كىچىك ئىشلارنىمۇ چوڭ قىلىۋېتىدۇ. ئىشلارغا بەكمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، ئۇچرىغان زىيانكەشلىك ۋە ھاقارەتنى مۇبالىغە قىلىدۇ. ئۇششاق ئىشلارغا سەزگۈرلۈك قىلىپ، باشقىلار قەستەن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن كۆلكىلىك ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇلار غەزەپلىنىشنى ھوقۇقىنىڭ ئىپادىلىنىشى دەپ قارايدۇ. ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس. قوپاللىق ھوقۇقنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، بەلكى ئامالسىزلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. بەلكىم كىشىلەر سىز ئاچچىقلىغاندا بىردەم ھاڭۋېقىپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن ئەڭ ئاخىردا باشقىلارنىڭ نەزىرىدىن قالىسىز. ھەتتا سىزنى ئۆزىنى باشقۇرالمايدىغان ئادەمكەن دەپ قاراپ كۆزگە ئىلمايدۇ.

غەزەپ ـ نەپرەتنى بېسىش ياخشى ئامال ئەمەس. بۇنداق قىلىش ھاياتنىڭ ئېنېرگىيىسىنى خورىتىدۇ. ئادەمنى غەلىتە قىلىپ قويىدۇ. ئەڭ ياخشى ئامال، كۆزقاراشىمىزنى ئۆزگەرتىشنى چۈشىنىۋېلىشىمىز كېرەك. ئىجتىمائىي ئالاقە



شەخسىنىڭ رايىغا باقمايدۇ. ھەممە ئادەم مۇرەككەپ ئالاقە تورى ئىچىدە ياشايدۇ. ھازىر يۈز بېرىۋاتقان ئىشنىڭ سەۋەبى، ناھايىتى ئىلگىرى يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

بەزىدە باشقىلار سىزنى قۇترىتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ھەقىقەت بولسا ئۇنداق ئاددىي ئەمەس. ناۋادا بىر ئادەم سىزگە ئاچچىقلىسا، سىز بىلەن ئۇلارنىڭ ئىشى ئوتتۇرىسىدا نىسبەت شەكىللەنمىگەن بولسا بۇنداق ئاچچىقلىنىش سىزگىلا قارىتىلغان بولۇشى ناتايىن. بۇنداق ئىشقا باش قاتۇرۇشىڭىزمۇ ھاجىتى يوق. سىز بۇنى شەخسىي ئاداۋەت دەپ قارىماڭ. بىلىشىڭىز كېرەك، ھېسسىياتىنىڭ پارتلىشىنى ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ھوقۇق ئارزۇسى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇلارنىڭ مەقسىتى سىزنى جازالاش ياكى كونترول قىلىش، جاراھەتلەنگەن تۇيغۇ ۋە غەزەپ بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى يوشۇرۇش.

كۆزقاراشنىڭ ئۆزگىرىشى، سىزنىڭ ئېنىق كۆزقاراش ۋە كۈچلۈك ئېنېرگىيە بىلەن ھەربىر ئادەم، ھەربىر ۋەقەگە تاقابىل تۇرۇشىڭىزغا تۈرتكە بولىدۇ. ئىنكاسىڭىز چەكتىن ئېشىپ كېتىپ، باشقىلارنىڭ كەيپىيات تۇزىقىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنىڭ. ئۇلارنىڭ كونتروللۇقىنى يوقاتقان كەيپىياتىدىن پايدىلىنىپ ئۈستۈنلۈك قازىنىڭ. سىز



قانچە ئېغىر - بېسىق بولسىڭىز، ئۇلار شۇنچە ئەقلىنى يوقىتىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۇلارنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قوزغايدۇ. ناۋادا ئۇستۇنلۇك قازانسىڭىز بىزار بولغان ھالەتتە تۇرۇڭ، مەسخىرە قىلماڭ، كۆرەڭلەپ كەتمەڭ، پەرۋا قىلماسلىق ئەڭ ياخشى پوزىتسىيە.



## ئابرۇيپەرەسلىك ئادەمنى ئېخىمۇ ياۋۇزلاشتۇرۇۋېتىدۇ

ئادەملەردىكى ئابرۇيپەرەسلىكنىڭ تۇرلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئادەم ئابرۇيپەرەس بولمىغاندا، گەپ - سۆزلىرىمۇ ئازلاپ قالىدۇ. ئەگەر ئابرۇيپەرەسلىك ئەخلاق بىلەن بىللە ماڭمىسا، ئەخلاق ئۇنچە ئۇزۇنغا بارالمىغان بولاتتى. گەرچە ئۇ ئەخلاقنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىۋېتەلمىگەن بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىپ قويىدى.

دەپنە مۇراسىمىنىڭ ھەشەمەتلىك بولۇشىمۇ كۆزدە تۇتۇلغىنى ھايات قالغانلارنىڭ ئابرۇيپەرەسلىكى، ھەرگىزمۇ ئۆلگۈچىنىڭ ئۆزى ئەمەس.

باشقىلارنىڭ ئابرۇيپەرەسلىكىگە چىدىماق تەس. چۈنكى ئۇلار بىزنىڭ ئابرۇيىمىزغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. ئادەمنى رەزىل قىلىۋېتىدىغىنى ئەسكىلىكلىرىمىز ئەمەس، ئابرۇيپەرەسلىكىمىز. بىز پەقەت ئابرۇيپەرەسلىكىمىز تۈپەيلىدىن ئۆز ئاجىزلىقلىرىمىزنى تەن ئالىمىز. كىشىلەرنىڭ ھاقارەت ۋە خورلۇقتىن ئازابلىنىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئابرۇيپەرەسلىكىنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق



بېرەلمىگەنلىكىدىندۇر . ئابرۇيپەرەسلىك ئاقىلانىلىككە قارىغاندا، ئۆز پرىنسىپىمىزغا ماس كەلمىگەن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ.



## ئادەم بىلەن هايۋاننىڭ ئوخشاشلىقى

دۇنيادا قانچە تۈرلۈك هايۋان بولسا شۇنچە خىل چىرايغا ئىگە ئادەم بار. بەزى ئادەملەرنىڭ بەزى ئادەملەرگە ئوخشىماسلىقى بىر خىلدىكى هايۋاننىڭ يەنە بىر خىلدىكى هايۋانغا ئوخشىمايدىغانلىقىغا ئوخشاش بىر ئىش. بەزىلەر يولۋاسقا ئوخشاش ۋەھشىي ۋە قانخور بولىدۇ. يەنە بەزىلەر شىرغا ئوخشايدۇ، قارىماققا ئالىيجاناب كۆرۈنىدۇ. يەنە بەزىلەر قارا ئېيىققا ئوخشاش قوپال ۋە ئاچ كۆز بولىدۇ. بەزىلەر بۆرە كەبى ۋەھشىي ۋە رەھىمسىز، بەزىلەر تۈلكە كەبى ھىيلىگەر ۋە تەدبىرلىك بولىدۇ.

يەنە نۇرغۇن ئادەملەر ئىتقا ئوخشايدۇ، ئۆزئارا تالىشىدۇ، ئىگىسىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇۋ ئوۋلايدۇ. بەزى ئىتلار ئىگىسىدىن بىرقەدەم ئايرىلمايدۇ. بەزىلىرى مەخسۇس ئىشىككە قارايدۇ. بىرخىل ئوۋ ئىتى بار، بەكمۇ ۋەھشىي ۋە تالاشقاق. خاراكتېرىدىن بىرخىل ئېسىللىق چىقىپ تۇرىدۇ. يەنە بىرخىل ۋەھشىي ئىت بار، تۇغما قەبىھ. يەنە بەزى ئىتلار بار، ھېچنېمىگە كېرەككە كەلمەيدۇ، ئارىلاپ قاۋاپ قويىدۇ. ئىشىك ۋە هويلا ـ ئارامغا قارايدىغان



بەزى ئىتلار بار، پات ـ پات كومېدىيىلەرنى ئويناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا توزمۇ ئالاھىدە بىر قۇش. ئۇنىڭ گۈزەللىكىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق، ئاۋازى قۇلاققا مۇش ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدۇ، تۇرالغۇسى بەكمۇ ۋەيرانە.

بەزى كىچىك قۇشلار يا چىرايلىق پەيلىرىگە يا سايرىشىغا تايىنىپلا ئادەمنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولىدۇ. شاتۇتى بولسا توختىماي سۆزلەيدۇ، لېكىن نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ ئۇقمايدۇ. يەنە بەزى كىچىك تۇمشۇق قاغا دېگەندەك قۇشلار بار، كۆندۈرمەك ئوڭاي، ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئالاھىدىلىكى ئوغرىلىق قىلىش. يەنە بەزى يىرتقۇچ ھايۋانلار بۇلاپ ـ تالاپ ھايات كەچۈرىدۇ. يەنە نۇرغۇن ياۋاش ۋە كۆندۈرمەك ئوڭاي ھايۋانلار بار، ئۇلار ئۆزى ئارقىلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باقىدۇ.

بەزى مۈشۈكلەر بار. ھىيلىگەر ۋە ساداقەتسىز. يەنە بىرخىل يىلان بار، تىلىدا زەھەر بار. لېكىن تىلىدىن باشقا جايلىرى بەكمۇ پايدىلىق. ئۆمۈچۈك، چىۋىن، بۈرگە قاتارلىق ھاشاراتلەر بار، ئادەمنى بىزار قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا زەھەرلىك پاقىمۇ قارىغان ئادەمنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرىدۇ. مۈشۈكياپىلاقمۇ بار. تۇغما يورۇقلۇقتىن قورقىدۇ. بەزى ھايۋانلار



ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن يەر ئاستىدا ھايات كەچۈرىدۇ. ئاتلارنىڭ ھاياتى تېخىمۇ پاجىئەلىك، كۈچىدىن كەتكەن چاغدا ئىگىسى قىلىچە رەھىم قىلماي تاشلىۋېتىدۇ. كالا تېخىمۇ شۇنداق، بىر ئۆمۈر ئۆزىنى جۇۋازغا قاتقان ئادەمنى بېيىتىدۇ. تومۇزغا ئۆمرىنى ناخشا بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. ياۋا توشقان ھەممە نېمىدىن قورقىدۇ. قاۋان پاتقاق ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ. ئۆي ئۆردىكى ياۋا ئۆردەكلەرنى ئوۋچىنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. قاغا - قۇزغۇن تاپ يەپ ھايات كەچۈرىدۇ. پەسىل قۇشلىرى ھاياتلىق ئۈچۈن دۇنيانىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە ئۇچۇپ يۈرىدۇ. قارلىغاچلار گۈزەل پەسىللەرنى قوغلىشىپ ياشايدۇ. پەرۋانە ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغان يالقۇنغا تاشلىنىدۇ. ھەسەل ھەرىسى ھەرە پادىشاھىغا چوقۇنىدۇ ۋە يۈكسەك ئىنتىزام، ئەقىل - پاراسەت بىلەن ھايات كەچۈرىدۇ. تىمساھ بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ئۆزىگە ھېسداشلىق قىلغان ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. نۇرغۇن ھايۋانلار ئۆز كۈچىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەي قۇل بولىدۇ.

يۇقىرىقى خاراكتېرنىڭ ھەممىسى ئادەمدە مەۋجۇت. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھايۋاناتلار دۇنياسىدىكى ھايۋان بىلەن ھايۋاننىڭ مۇناسىۋىتىگە بەكمۇ ئوخشايدۇ.



## ئەخلاق ھامان مەنپەئەت ئويۇنى ئىچىدە ئۆز كۈچىدىن قالىدۇ

بىزنىڭ ئەخلاقىمىزغا بولغان تونۇشىمىز بىر ئىتالىيان شائىرنىڭ ئەخلاقلىق ئاياللارنى تەسۋىرلەپ «ئەخلاق ئادەمنى دۇرۇس كۆرسىتىدىغان ماھارەت، ئۇ بىزنىڭ قىزغىنلىقىمىز ۋە ھاياتىمىزنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئەرۋاھ، بىز ئۇنىڭغا ‹دۇرۇسلۇق، دەپ ئات قويدۇق. بۇنداق قىلىشنىڭ مەقسىتى، قىلماقچى بولغان ئىشىمىزنى جازاغا ئۇچرىماي قىلىش ئۈچۈندۇر» دېگەنگە ئوخشايدۇ.

بىز دەۋاتقان ئەخلاق مەلۇم قىلمىش ۋە ھەرخىل مەنپەئەتنىڭ بىرىكمىسىدۇر. ئۇ تەلەي ياكى ئۆزىمىزنىڭ قابىلىيىتى نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئەرلەر ھامان باتۇرلۇقتا تايىنىپ قەھرىمان بولغان ئەمەس. ئاياللارمۇ پاكلىقىغا تايىنىپ پاك ئاتالغان ئەمەس. ئەخلاق ھامان دەريا - دېڭىزدا يوقالغاندەك مەنپەئەت قويۇنى ئىچىدە يوقىلىدۇ.

ئەخلاق دېگەن نام رەزىللىككە ئوخشاش ناھايىتى ئۇنۇملۇك ھالدا مەنپەئەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. زەھەرمۇ دورا كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغاندەك، رەزىللىكمۇ ئەخلاقنىڭ قۇرۇلمىسى ئىچىدە مەۋجۇت



بولىدۇ. ئېھتىياتچان، سەگەك ئەقىل ئۇنى ھەم توپلىيالايدۇ، پارچىلىيالايدۇ. ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ناھايىتى ئۇنۇملۇك ھالدا ھاياتنىڭ كېسەللىرىگە تاقابىل تۇرىدۇ. ئادەم مەيلى قانچىلىك قەبىھ بولسۇن، ئاقىللار ھېچقاچان ئۆزىنى مەن ئەخلاقنىڭ دۈشمىنى دەپ ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشقا پېتىنغان ئەمەس. ئاقىللار ئەخلاققا زىيانكەشلىك قىلىدىغان چاغدا ئۇنى ساختا دەپ قارايدۇ ياكى ئۇنى بىر ، ئەر رەزىل دەپ قىياس قىلىدۇ.

بۇنداق كىشىلەر ئەخلاقنى بەك كەڭ كاتېگورىيە دەپ قارايدۇ. بەزىدە ئۇلارنىڭ مۇددىئاسى شۆھرەتپەرەسلىكتىن كەلسە، بەزىدە ئىنكاسىنىڭ ئاستىلىقىدىن، بەزىدە قورقۇنچتىن كېلىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا ئۈچى بىر گەۋدە ھالەتتە مەۋجۇت بولىدۇ.

بەزى ئادەملەرنىڭ تەبىئىتى يېنىك ۋە شاللاق، شۇڭا ئۇلار ھەم تەۋرەنمەس ئەخلاقتىن، ھەم ھەقىقىي كەمچىلىكتىن يىراق. كىشىلەر ساپ ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان كىشىلەرنى كەمسىتمەيدۇ، بەلكى ئەخلاقسىز كىشىلەرنى كەمسىتىدۇ. ئەڭ ئۇلۇغۋار روھنىڭ ئادەتتىكى روھتىن پەرقى، ئۇلۇغ خاھىشقا ئىگە بولغانلىقىدا، خالاس.

كىشىلەر ھەمىشە ئىنىقلىماي تۇرۇپ ئەخلاقنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ھېكمەتلەرنى



تەنقىد قىلىشىدۇ. چۈنكى نۇرغۇن كىشىلەر ناھايىتى ئوڭايلا ئەخلاق ۋۇجۇدىدا ئىپادىلەپ چىققان يۈزەكى ھادىسىلەرگە ئىشىنىپ قالىدۇ.



## رەھىمدىللىقنىڭ چېكى بولۇشى كېرەك

ئادەم چوقۇم باشقىلارغا رەھىمدىل بولۇپ كۆرۈنۈش كېرەك. لېكىن رەھىمدىللىقنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. چېشالىس بوچىيا ھەممە ئېتىراپ قىلغان زوراۋان ھۆكۈمران. لېكىن ئۇ دۆلىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپلا قالماي ئۇنى ئۇزاققىچە مۇقىملىق ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈردى . ئادىل باھا بەرسەك ئۇ پرونومىيىلىكلەردىن رەھىمدىل ئىدى. پرونومىيىلىكلەر زوراۋان نامىنى ئېلىپ قالماسلىق ئۈچۈن بىستويا شەھىرىنىڭ دەرۋازىسىنى چېقىپ تاشلىدى. لېكىن ئورنۇمنى ئۇزاققىچە ساقلاپ قالمەن دەيدىكەنسىز، زوراۋان دەپ نام ئېلىپ قېلىشتىن قورقماسلىقىڭىز كېرەك. چۈنكى، ئاز ساندىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە تاقابىل تۇرغاندا زوراۋانلىقنىڭ كۈچى مۇلايىملىقتىن ئارتۇق بولىدۇ. دۈشمەنگە مۇلايىم مۇئامىلە قىلىش قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۆز قولىڭىزدا تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، رەھىمدىللىقنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالماڭ

شۇڭا ناھايىتى ئېھتىياتچان بولۇپ، يېنىكلىك قىلماي، سايىڭىزدىن قورقماي، ئېھتىياتچانلىق ۋە



رەھىمدىللىق بىلەن ئۆزۈڭىزنى تۇتۇۋالغان ھالدا ئىش قىلىڭ. ئۆزىڭىزگە بەك ئىشىنىپ كەتكەندىمۇ قو-پاللىقتىن ساقلىنىڭ. رەھىمدىللىقىڭىزنى يوقى-تىپمۇ قويماڭ.



## دۈشمەن ئالدىدا ئىككىلەنمەسلىك كېرەك

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، دۈشمەننى ئەل قىلالمىسىڭىز ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىپ تاشلاڭ. چۈنكى كىشىلەر كىچىككىنە جاراھەت ئۈچۈن قىساس ئېلىشقا پۇرسەت ئىزدەيدۇ. ناۋادا سىز ئۇلارنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىپ تاشلىسىڭىز سىزگە ھېچقانداق زىيان يەتمەيدۇ. سىزدىن قىساس ئالىدىغان پۇرسەتمۇ بولمايدۇ. ناۋادا ئۇنى چالا ئۆلۈك قىلىپ قويسىڭىز، ئۆلۈش ئالدىدىكى يىلان كەبى سىزگە ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن. ئادەمنىڭ يېنىدىكى دۈشمەن چالا ئۆلۈك يىلانغا ئوخشايدۇ. كۆيۈنۈشىڭىز بىلەن ئەسلىگە كېلىپ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن زەھىرى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

دۈشمەن بېشىڭىزغا دەرد كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدۇ. ھالاك بولسىڭىز خۇشاللىقىدا نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالىدۇ. ئۇلار بىلەن كۈرەش قىلغاندا رەھىمدىللىق ياكى يارىشىپ قېلىش نىيىتى بىلەن يېرىم يولدا توختاپ قالسىڭىز زىيان تارتماي قالمايسىز. ئۇنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈپ، نەپرىتىنى ئۇلغايتىۋېتىسىز. ئۇلار ھامان بىر كۈنى سىزدىن قىساس ئالىدۇ. بەلكىم ئۇلار كۆز ئالدىڭىزدا



سىزگە بەكمۇ دوستانە مۇئامىلە قىلىشى تۇرغان گەپ. چۈنكى سىز ئۇلارنى يېڭىۋەتكەچكە ئۇلار شۇنداق قىلماي ئامالى يوق . بۇ ئۇلارنىڭ ئامالسىز پۇرسەت كۈتۈۋاتقىنى.

ئەڭ ياخشى ئامال: قىلچە رەھىم قىلماي دۈشمىنىڭىزنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش. دۈشمىنىڭىزدىن تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى ئۇلارنى يوقىتىپ تاشلاش. ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئۆز زېمىنىڭىزگە ئايلاندۇرۇش. دۈشمەنگە مۇئامىلە قىلغاندا ئۇلارنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىپ ئۆز ئىرادىڭىزگە بويسۇندۇرۇشىڭىز لازىم. سىز يېرىم يولدا توختاپ قېلىشنىڭ بەدىلىنى تۆلەپ بولالمايسىز . ئۇلار ئامالسىز قالغاندا ئاندىن سىزگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل ئۇرۇش مەيدانىدىن باشقا جايلارغىمۇ كېرەككە كېلىدۇ. تىنچلىق سۆھبىتى پۇرسەت كۈتۈۋاتقان زەھەرلىك يىلاندۇر. ئۇ ئاستا - ئاستا غەلىبىڭىزنى يەپ تۈگىتىدۇ. شۇڭا دۈشمىنىڭىزگە سۆھبەت دەسمايىسىمۇ قالدۇرماسلىق ، ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش ئەڭ ئوبدان تەدبىردۇر .

سىزگە ئېنىق بولسۇن ، بەزى كىشىلەرنى يېڭىزغا تارتالمايسىز . نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار سىزنىڭ مەڭگۈلۈك دۈشمىنىڭىزدۇر . لېكىن سىز ئۇلارغا قانچىلىك زىيان سېلىش ، ئۇلارغا قانچىلىك ئۆچمەنلىك قىلىش ، ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكى



ماڭا قارىتىلغان دەپ قاراپ قالماڭ. ناۋادا سىز ئۇلار بىلەن تىركىشىۋەرسىڭىز ئۇلار قىساس ئالماي قالمايدۇ. دۈشمەننىڭ قولىدىكى قارتنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ قول سالماقچى بولۇش دۆتلۈكتۇر. دۈشمەن يېنىڭىزدا بولسا مەڭگۈ خاتىرجەم بولالمايسىز. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ھەرقانداق ئىشنى يېرىم يولدا تاشلاپ قويماڭ.

لېكىن بېرىپ قاتىللىق قىلىدىغانلىك ئەمەس. بەلكى دۈشمەننى قوغلاڭ، ئۇنى قايتا باش كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇپ تاشلاڭ، ئۇنى تەۋەيىڭىزدىن مەڭگۈلۈك تازىلاپ تاشلاڭ دېگەنلىكتۇر. شۇنداق قىلسىڭىز ئۇ سىزگە زىيانكەشلىك قىلالمايدۇ.

ناۋادا ئۇلارنى قوغلاشقا ئامالسىز بولسىڭىز ئۇلارنىڭ سىزگە سۈيىقەست بىلەن تاقابىل تۇرىدىغانلىقى مەڭگۈ ئېسىڭىزدىن چىقمىسۇن. ئۇلار قانچە دوستانە بولۇۋالسىمۇ ئالدانماڭ. مۇشۇنداق خەتەرلىك مۇھىت ئىچىدە ئەڭ ياخشى قورال، شۇنداقلا بىردىنبىر قورال ياخشى مۇداپىئە قىلىشتۇر. ھازىرلا قوغلاشقا قۇربىڭىز يەتمىسە پۇرسەت كۈتۈڭ. پۇرسەت كەلگەن ھامان ھەرىكەتلىنىڭ.



## باشقىلارنىڭ كەمچىلىكى توغرىسىدا يېنىكلىك بىلەن سۆزلەشتىن ساقلىنىڭ

كۆڭلىڭىز قانچە قارا بولسا، باشقىلارنىڭ كۆڭلىمۇ سىزگە شۇنداق قارا بولىدۇ. گەپ ــ سۆزدىكى خاتالىق، ئىشتىن كېيىنكى مۇنازىرە بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن قىلغان غەيۋەت بولسۇن، ھەممىسى قاراڭغۇغا قاراڭغۇ ئارقىلىق تاقابىل تۇرماقچى بولۇشتۇر. دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە غەيۋەت قىلغۇچى بىردەملىك خۇشاللىققا ئىگە بولسىمۇ، غەيۋەت قىلىنغۇچى ئەكسىچە مەڭگۈلۈك ئازار يەيدۇ ــ دە، غەيۋەت قىلغۇچىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ، ئۆچ ئېلىشنى ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي، غەيۋەت قىلغۇچى غەيۋەت قىلىنغۇچىنىڭ دۇشمىنىگە ئايلىنىپ، مەڭگۈلۈك ئازار يەيدۇ.

پەقەت يورۇقلۇقلا قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غالىب كەلگەندەك باشقىلارغا دوستانە مۇئامىلە قىلسىڭىز ئۇلارمۇ سىزگە شۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ. سىز باشقىلارنى بىرئاز ھۆرمەتلىسىڭىز، ئۇلارمۇ سىزنى قوش قوللاپ ھۆرمەتلەيدۇ. سىز ئۇلارغا ئازراق ياردەم قىلسىڭىز، ئۇلارمۇ ئالەمچە خۇشاللىق بىلەن ياردىمىڭىزنى ھەسسىلەپ قايتۇرىدۇ. بەلكىم سىزنىڭ



باشقىلارغا پىكرىڭىز باردۇر، ئۇنى دەل ۋاقتىدا، ئۇلارنىڭ ئالدىدا دېسىڭىز بولىدۇ. ئارقىدىن غەيۋەت قىلسىڭىز قىلچىلىك ئەھمىيىتى بولمايدۇ. شۇڭا باشقىلارنىڭ كەمچىلىك، خاتالىقى ئۈستىدە خالىغانچە سۆزلەشتىن ئېھتىيات قىلىش لازىم.



## چاقچاقنى ئويلاپ قىلىڭ

چاقچاق قىلىش روھىي جەھەتتىكى خۇشاللىنىش بولۇپ، چاقچاقلىشىش ئارقىلىق باشقىلار بىلەن بولغان سۆھبەتنى ئەركىن - ئازادە ئېلىپ بارغىلى، شۇنداقلا مۇناسىۋىتىڭىزنى تېخىمۇ ياخشىلىغىلى بولىدۇ. ئەگەر باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز ئانچە ياخشى بولمىسا، ھەددىدىن ئارتۇق چاقچاق ئەكسىچە مۇناسىۋىتىڭلارنى تېخىمۇ يامانلاشتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ئابرۇيپەرەسلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەقىل - پاراسەت سىنىشىش بولۇپ، چاقچاق كۆتۈرەلمەيدىغان، ئۆز كەمچىلىكى توغرىسىدا سۆز ئېچىلسا ئاسانلا قىزىرىپ كېتىدىغانلار چاقچاقتا يېڭىلىپ قالسىمۇ ئۆز مەغلۇبىيىتىنى تەن ئالمايدۇ. بۇ بىرخىل ساپلىق دەرىجىسى يۇقىرى بولغان زەھەرلىك دورىدەك دوستلۇقنى بۇزۇپ، دۈشمەنلىك پەيدا قىلىدۇ. قالتىس ئەپچىللىك ۋە گەپدانلىق بىلەن ئويلاپ قىلىنغان چاقچاق ھامان دوستلۇقنى ساقلاپ قالالايدۇ.

قىسقىسى، دوستلىرىڭىزغا بولسۇن ياكى كۆڭلى ئىنچىكە كىشىلەرگە بولسۇن چاقچاق قىلغاندا ئويلىنىپ قىلىڭ.



## باشقىلارنىڭ ھەم ئۆزىڭىزنىڭ ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىڭ

باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن ھەممە ئادەم ئۆز ئەركىنلىكىنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. كۆرگۈسى كەلسە كۆرۈشۈشى، كۆرۈشكۈسى كەلمىسە كۆرمەسلىكى، ئەركىن — ئازادە بولۇپ، بىرلىكتە كۈلۈپ، بىرلىكتە قايغۇرۇشى، ئايرىلغۇسى كەلسە ئايرىلىشى كېرەك. بۇنداق ئايرىلىش ھېچكىمگە مالامەت كەلتۈرمەيدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، كىشىلەر دائىم باشقىلارغا دەخلى قىلمايمەنغۇ دەپ ئويلىغىنىدا، ئەكسىچە باشقىلارغا دەخلى قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا باشقىلارغا دەخلى قىلمايمەن دەيدىكەنسىز، ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بەك ئىنچىكە ئويلاپ كەتمەڭ. ئامال بار ئۆزىڭىز ياقتۇرىدىغان كىشىلەرگە كۆپرەك ياخشىلىق قىلىڭ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئېغىر بوپىسىنى ھەمىشە يۈدۈۋېلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق.

سەممىيلىك ۋە ئاق كۆڭۈللۈك كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كەم بولسا بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭمۇ چېكى بار. ئۇ چەكتىن ئېشىپ كەتسە سەممىيلىك



ئىپلاسلىققا ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا تەبىئىي بولغان ياخشى دوستلىرىڭىزنىڭ ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنى ئۆز ھېسسىياتىڭىزنىمۇ ھۆرمەت قىلىۋاتقانلىقىڭىزغا ئىشەندۈرۈشىڭىز كېرەك.



## ئۆزىڭىز ۋە باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىدىن غالىب كېلىڭ

كىشىلەرنىڭ ئۆزىنىڭ باشقىلارغا يەتمەيدىغانلىقىنى تەن ئالمىقى بەكمۇ تەس. بىزدىن تېخنىكا، تالانت جەھەتتىن يۇقىرى كىشىلەرنى كۆرگەندە بىئارام بولماي تۇرالمايمىز. چۈنكى، ئادەمنىڭ ئۆزلۈكى بىرخىل ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇتىدىغان ھالەتتۇر. بىزنى بېسىپ چۈشىدىغان ئادەملەرنى كۆرگەندە ئۆزىمىزنىڭ ئادەتتىكى بىر ئادەملىكىمىزنى تولۇق ھېس قىلىمىز ياكى ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىز ئويلىغاندەك مۇنەۋۋەر ئادەم ئەمەسلىكىنى تونۇيمىز. ئۆزىمىزنى ئۈستۈن قويۇش تۇيغۇسىنىڭ ئاۋارىچىلىقى مەڭگۈلۈك بولۇشى، دائىم قەلبىمىزدە ئوسال كەيپىيات پەيدا قىلىپ تۇرالىشى ناتايىن. شۇڭا بىز قەلبىمىزدە ھەسەت تۇيغۇسى پەيدا بولغان چاغدا، سەمىمىيلىك بىلەن قەلبىمىزدە ھەسەت تۇيغۇسى پەيدا قىلغان ئوبيېكتنىڭ ئالاھىدە تەرەپلىرى ياكى تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشنىڭ بىزنى شادلىققا چۆمدۈرەلەيدىغانلىقىنى تونۇشىمىز لازىم. ھەسەتخورلۇقنىڭ ئادەمگە ئېلىپ كېلىدىغىنى خاتىرجەمسىزلىك ياكى باشقىلار بىلەن تەڭلىشىش تۇيغۇسىدۇر. بىز ھە-



سەتخورلۇقنى تەن ئالماسلىقىمىز كېرەك، تەن ئې-
لىش باشقىلارغا يەتمەيدىغانلىقىمىزنى تەن ئالغانلىق-
تۇر. ئەڭ يېقىن دوستلىرىمىزغا يېتەلمىگەن سىر-
لىق ئارمانلىرىمىزنى ئاشكارىلىشىمىز مۇمكىن،
لېكىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھېچكىم ھەسەتخورلۇقنى تەن
ئالمايدۇ، شۇڭا ھەسەت ھەمىشە بىرخىل يوشۇرۇن
ھالەتتە مەۋجۇت بولىدۇ. بىز ھەرخىل ئاماللار بىلەن
ئۇنى يوشۇرىمىز، ھەرخىل سەۋەبلەرنى ئىزدەپ تېپىپ
ھەسەت قىلغان ئادىمىمىزنى تەنقىد قىلىشقا ئۇرۇن-
مىز. بەلكىم بىز ئۇلار ھەققىدە «بەلكىم ئۇ مەندىن
ئەقىللىقتۇ، لېكىن ئۇ بىر ئەخلاقسىز، ئەسكى
ئادەم، ياكى ئۇنىڭ ھوقۇقى بولغاچقا ھېلىگەرلىك-
نى بايقىماق تەس» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىمىز
مۇمكىن. ناۋادا بىز بۇ ئۇسۇلنى قوللانمىساق ياكى
ئۇنى ھەددىدىن ئارتۇق ماختىساق بۇمۇ ھەسەتخورلۇق-
نىڭ باشقا ھالەتتە ئىپادىلىنىشىدۇر.

بىرنەچچە خىل ئامال بىلەن قەلبىمىزنىڭ
چوڭقۇر قېتىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان، بۇزغۇنچىلىق
خاراكتېرى بەكمۇ كۈچلۈك ھەسەتخورلۇق تۇيغۇسىنى
بىر تەرەپ قىلىش مۇمكىن. ئەڭ ياخشى ئامال مەلۇم
ئادەملەرنىڭ سىزدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىدىن ئى-
بارەت پاكىتنى تەن ئېلىشىڭىز، ئۇلارغا ھەسەت قى-
لىدىغانلىقىڭىزنى ئېتىراپ قىلىشىڭىز لازىم. ئەڭ
ياخشىسى، بۇ ھەسەتخورلۇقنى ئۇلارغا يېتىشىۋالىدىغان



ياكى ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىدىغان بىرخىل تىرىشچانلىقنىڭ تۈرتكىسى قىلىشىڭىز لازىم. ھەسەتخورلۇقنى ئۇلغايتىۋېتىش روھنى زەھەرلەيدۇ. ھەسەتخورلۇقنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش سىزنى ئۈزلۈكسىز ئالغا باستۇرىدۇ.

تۇغما تالانتلىق كىشىلەرگە نىسبەتەن ھەسەتخورلۇق باش ئاغرىتىدىغان بىر مەسىلىدۇر. كىشىلەرنىڭ ئەمدىلا جەمئىيەتكە قەدەم قويغان كىشىلەرنى ماختاپ كېتىشىدىكى سەۋەب جەمئىيەتتە ئاللىقاچان ئورنىنى تىكلەپ بولغان كىشىلەرگە ھەسەت قىلغانلىقىدۇر. ھەسەت بەزىدە ئۆچمەنلىكتىن ياماندۇر.

گەرچە سىز ئورنىڭىز ناھايىتى يۇقىرى، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم بولسىڭىزمۇ قول ئاستىڭىزدىكىلەر ئارىسىدا سىزگە ھەسەت قىلىدىغانلار تېپىلىپ تۇرىدۇ. بەلكىم ئۇلار ئۆزىنىڭ ھەسەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن ھەسەتتىن ساقلانماق تەس. ئۇلارنىڭ سىزگە ئاشكارا قىلغان تاشقى قىياپىتىگە ئالدىراپ ساددىلىق بىلەن ئىشىنىپ قالماڭ. سەل ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتسىڭىزلا ئۇلاردىن كېلىۋاتقان تەنقىد ساداسىنى بايقايسىز. مازاقلىرىنى ئاڭلاپ قالىسىز. ئۇ يەردە ئارقىڭىزدىن ئېتىش ئۈچۈن بەتلەپ قويغان ئوق، سىزنى چاكىنىلاشتۇرۇپ قويىدىغان چېكىدىن ئاشقان ماختاش، نەپرەتلىك قاراشلار تولۇپ يېتىپتۇ. ھەسەتنى



سەزمەك ناھايىتى تەس. سەزگەن ۋاقتىمىزدا ئاللىقاچان كېچىكىپ قالغانلىقىمىزنى بايقايمىز.

ناۋادا سىز تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان، ئەقىللىق ئادەم بولسىڭىز، سىزگە ھەسەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆتەر يولىڭىزغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان، سىز تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان، ئىزدەپ تاپقىلى بولمايدىغان توساقلىرىغا نىسبەتەن روھىڭىزدا تەييارلىق بولسۇن. بۇنداق ھۇجۇمدىن مۇداپىئەلەنمەك بەكمۇ قىيىن. ناۋادا سىز باشقىلارنىڭ سىزگە بولغان تەسىراتىنىڭ ھەسەتتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بەكمۇ كېچىكىپ چۈشەنسىڭىز، كەمتەرلىك، ساختا ھالدا ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈۋېلىش قاتارلىق مۇداپىئە تەدبىرلىرىڭىز ئەكسىچە ئۈنۈم بېرىپ، مەسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىۋېتىدۇ. ئەڭ باشتىلا ھەسەتتىن ساقلىنىش، پەيدا بولغان ھەسەتنى يوق قىلىپ تاشلاشتىن كۆپ ئوڭايدۇر. شۇڭا، ياخشى ئاماللار بىلەن كېلىشمەسلىكلەردىن ساقلىنىش كېرەك. ئادەتتە سىز ئەڭ دىققەت قىلمىغان چاغلىرىڭىزدا ھەرىكىتىڭىز باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغايدۇ. شۇڭا سىز قايسى ھەرىكەت، قايسى خىسلەتلىرىڭىزنىڭ ھەسەت تۇيغۇسى قوزغايدىغانلىقىنى تونۇۋېلىپ، ھەسەتنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنىڭ سىزنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇشىدىن ساقلانغىنىڭىز ياخشى.



ناۋادا سىز كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازانسىڭىز باشقىلارغا ئۆزىڭىزنىڭ ئەزەلدىن شۇنداق تەلەيلىك ئىكەنلىكىڭىزنى، باشقىلارنىڭمۇ بۇنداق بەختتىن بەھرىمەن بولۇش ئېھتىماللىقىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، شۇڭلاشقا ھەسەت قىلىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى ئەپچىللىك بىلەن چۈشەندۈرۈڭ . لېكىن ئۇلارغا كەمتەرلىك قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويماڭ . شۇڭا ھەرىكىتىڭىز مۇۋاپىق ، كەمتەرلىكىڭىز سەممىي بولسۇن. ھەرقانداق سەممىي بولمىغان بېشارەت باشقىلارنىڭ ھەسەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتسە كۈچەيتىدۇكى ئازايتمايدۇ .

قىسقىسى ، باشقىلارنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغايدىغان كىشىلەرنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى قانداق يوشۇرۇشنى بىلمەيدۇ ، ھەتتا بۇ تەرەپلىرىنى قەستەن كۆز - كۆز قىلىدۇ . خاتا ھالدا بۇنداق قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ . ئەمەلىيەتتە بۇ ھەرىكەتلەر نۇرغۇن يوشۇرۇن دۈشمەنلەرنى پەيدا قىلىدۇ . ئۇلار ھەر جايدا ھەرخىل ئامال بىلەن سىزنى خاتالاشتۇرۇش ، رەسۋا قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ يۈرىدۇ .



## مەغرۇرلۇق قارىغۇلۇقنىڭ ئۇستازىدۇر

تەبىئەت بەدەن ئەزالىرىمىزنى ئاجايىپ پاراسەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىزنى بەختلىك قىلىش بىلەن بىرگە مەغرۇرلۇق خاراكتېرنىمۇ قوشۇپ، نۇرغۇن بىمەنە ۋە نادانلارچە ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولغان.

كىشىلەر مەغرۇرلۇقنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەشكە ناھايىتى ئۇستا. ئابرۇيپەرەسلىكتىن ۋاز كەچمەكچى بولغاندا تېخىمۇ شۇنداق. ھەممە ئادەم مەغرۇرلۇقنى ياخشى كۆرىدۇ. پەقەت ئۇنى ئىپادىلەش شەكلى ئوخشىمايدۇ. ناۋادا بىزدە قىلچە مەغرۇرلۇق تۇيغۇسى بولمىسا، ھەرگىز باشقىلارنىڭ مەغرۇرلۇق قىلىشىدىن ئاغرىنمىغان بولاتتۇق.

كىشىلەرنىڭ قارىغۇلارچە ھەرىكىتى ئۇلارنىڭ مەغرۇرلۇقىنىڭ ئەڭ خەتەرلىك ئاقىۋىتىدۇر. مەغرۇرلۇق قارىغۇلۇقنى پەيدا قىلىدۇ ۋە تەربىيىلەيدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىشىمىزگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

مەغرۇرلۇق بىزنى تۈزىتىپ بولدۇق دەپ قارىغان كەمچىلىكىمىزنى ئەيىبلىگىلى سېلىپ، ئۆزىمىز ھازىرلىيالمىغان ياخشى خىسلەتلەرنى كەمسىتكىلى سالىدۇ. مەغرۇرلۇق ھەسەتخورلۇقىمىزنى قوزغاش



بىلەن بىرگە بەزىدە ئۇنى تىزگىنلىشىمىزگىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

دۈشمىنىمىزنىڭ بەختسىزلىكىگە ھېسداشلىق قىلىش، ياخشىلىقىمىز تۈپەيلىدىن ئەمەس، مەغرۇرلۇقىمىز تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدۇ. ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىمىز. خاتالاشقانلارغا نەسىھەت قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى تەرىپلىگەنگە قارىغاندا مەغرۇرلۇقىنى تەرىپلەشنىڭ ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ.

مەغرۇرلۇق، ھايات كومېدىيىسىنىڭ پېرسوناژلىرىنى كولدۇرلىتىپ ھارغاندا، ئۆزىنىڭ ھىيلە-مىكىر ۋە ئوخشىمىغان قىياپەتلىرىدىن بىزار بولۇپ يەنە بىر خىل تەبىئىي قىياپەت بىلەن ئۆزىنى ئىپادە قىلىشقا باشلايدۇ. ئىپتىخارلىنىش بىلەن ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. ماھىيەتتە ئىپتىخارلىنىشمۇ مەغرۇرلۇقنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى. مەغرۇرلۇقنىڭ غەلىتە تەرەپلىرىمۇ بار. بىز ھەممىشە ئۆزىمىزنىڭ گۇمانخورلۇقىمىز تۈپەيلىدىن مەغرۇرلىنىمىز.



## ئۆزىنى سۆيۈش بىر نامەلۇم دۇنيادۇر

ئۆزىنى سۆيۈش ئۆزىگە تەۋە بارلىق نەرسىلەرنى
سۆيۈش ۋە ئۆزىگە چوقۇنۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئۆزىنى
سۆيۈش، پۇرسەت پىشىپ يېتىلىسىلا ئادەمنى بىر
زوراۋانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ ھەرگىز ئۆزىدىن
باشقا شەيئىگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. پايدىلىق نەرسە-
لەرگە يولۇققاندا، گۈلزارغا ئۆزىنى ئۇرغان ھەسەل
ھەرىسى شىرنە يىغقان كەبى، پايدىلىق نەرسىلەرنى
يىغىشقا باشلايدۇ. ئۆزىنى سۆيۈش ئارزۇسى بەكمۇ
كۈچلۈك، مۇددىئاسى بەكمۇ يوشۇرۇن، ھەرىكىتى
بەكمۇ چاققان بولىدۇ. ھېچقانداق شەيئى ئۇنىڭ بىلەن
تەڭلىشەلمەيدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى
ئۆلچەشكە، كۆرۈشكە ئامالسىز. ئۇ ئەڭ ئۆتكۈر
كۆزمۇ كۆرەلمەس بىر جايدا پۇرسەت كۈتىدۇ. ئۆزىنى
ئۆزگەرتىدۇ. ئادەم سەزگۈسىز ھالەتتە ئوتتۇرىغا چى-
قىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىدۇ. ئۇ يەردە ھەتتا ئۆزى-
نىمۇ كۆرەلمەيدۇ. ئۇ شۇ يەردە نۇرغۇن سۆيگۈ ۋە
نەپرەتلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. ئۇلاردىن بەكمۇ غەي-
رىي ۋە قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنى ياساپ چىقىدۇ. جا-
رىستانغا چىققان شۇ نەرسىلەرنى ئۆزى پەيدا قىلغان-
لىقىنىمۇ تونۇيالمىغىدەك تاس قالىدۇ. ئەڭ



كۆلكىلىكى، ئۇ ئۆزىنىڭ خاتالىقى، نادانلىقى، دۆتلۈكى قاتارلىقلارنى ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇقتا پەيدا بولغان، ئۆزۈم بايقاشقا ئامالسىز قالغان دەپ قارايدۇ. لېكىن بۇنداق قاراڭغۇلۇق ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈشكە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئۆزىنى سۆيۈش بىر جۈپ كۆزىمىزگە ئوخشايدۇ. ھەممە نېمىنى كۆرەلەيدۇ. پەقەت ئۆزىنى كۆرەلمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە مەنپەئەتكە مۇناسىۋەتلىك ئەڭ ھالقىلىق ئىشلاردا ئۆزىنى سۆيۈشنىڭ كۈچلۈك ئارزۇسى پۈتۈن دىققەتنى مەنپەئەت ئۈستىگە يىغىدۇ. ھەممىنى كۆرىدۇ، پۇرايدۇ، ئاڭلايدۇ، ئويلايدۇ، گۇمانلىنىدۇ، چۈشىنىدۇ، پەرەز قىلىدۇ. كىشىلەر ئۆزىنى سۆيۈشنىڭ ھەربىر خىل قايناق ھېسسىياتىدا ئۆزىگە خاس بىر خىل سېھرىي كۈچ بارمۇ نېمە، دەپ ئىشىنىپ قالغىلى تاس قالىدۇ. ئادەم بەدىنىدە ئۆزىنى سۆيۈشتىن كۈچلۈك، مۇستەھكەم نەرسە يوق، ئۇ ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ۋە ئاز كۈچ بىلەن نەچچە يىلدىن بېرى قىلماقچى بولۇپ قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆزىنى سۆيۈشنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى ئۇ ئىنتىلگەن ئوبيېكتنىڭ گۈزەللىكى ۋە قىممىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇنىڭ سۆيگۈسى ئوبيېكتنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئوبيېكتنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ



قوغلاشقىنى ماھىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزى. گەرچە ئۇ بەزى
شەيئىلەرنى قوغلاشقاندەك قىلسىمۇ قوغلاشقىنى ما-
ھىيەتتە ئۆزىنىڭ ئارمىنىدۇر. ئۇ بەكمۇ زىددىيەتلىك.
بەزىدە زوراۋان، بەزىدە مۇلايىم، بەزىدە سەمىمىي،
بەزىدە ساختا، بەزىدە قورقۇنچاق، بەزىدە يۈرەكلىك.
ئۇنىڭ ئوخشىمىغان ھەۋەسلىرى بار، بەزىدە شان-
شەرەپ ئىزدىسە، بەزىدە بايلىق ئىزدەيدۇ. بەزىدە شاد-
لىق ئىزدىسە، بەزىدە ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسى-
لەرنى ئىزدەيدۇ. ئۆزىنى سۆيۈش ئادەمنىڭ يېشى،
بايلىقى، تەجرىبىسى بىلەن بىللە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.
بەزىدە ئۇنىڭ بىرلا ھەۋىسى بولسا، بەزىدە نەچچە خىل
ھەۋىسى بولۇشى مۇمكىن. ئۇ ئېھتىياجىغا ئاساسەن
ئۆزىنى بۆلەلەيدۇ. ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسى
مۇقىم بولمايدۇ. تاشقى ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان
ئۆزگىرىشتىن باشقا ئۇنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىن كېلىدىغان
چەكسىز ئۆزگىرىشمۇ مەۋجۇدىيەت. ئۇنىڭ غەزەپ-
نەپرىتىنىڭ قانۇنىيىتى يوق. شۇنچىلىك يېنىك ۋە
شاللاق. سۆيگۈگە ساداقەتسىز، يېڭىنى كۆرۈپ كو-
نىنى تاشلايدۇ. زېرىكتىم دەپلا زېرىكىدۇ. ئۇ شۇن-
چىلىك ئۆز بېشىمچى. كىشىلەر بەزىدە ئۇنىڭ قىلچە
پايدىسى يوقلۇقىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. لېكىن زىيانلىق
دەپ قارىغان نەرسىگە ئىنتىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى
بۇنداق نەرسىلەر ئۆزىنى سۆيۈش ئۈچۈن زۆرۈر. ئۆ-
زىنى سۆيۈش تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ غەلىتە يېرى،



ھەمىشە بارلىق زېھنىي كۈچىنى ئەڭ بىمەنە ئىشلارغا
سەرپ قىلىدۇ. ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ئىشلاردىن
ئەڭ زوررۇر خۇشاللىق تاپىدۇ. كىشىلەر كۆزگە ئىلـ
مايدىغان ئىشلاردىن پەخىرلىنىدۇ. ئۇ ھەرخىل شەـ
كىلدە مەۋجۇت بولىدۇ. ھەرخىل شارائىتلارغا كۆنىدۇ.
ئۇ ھەممە يەردە مەۋجۇت بولىدۇ. ھەممىگە ئىشىنىدۇ.
ھېچنېمىگە تايانماي مەۋجۇدىيەت بولىدۇ. ئۇ ھەرقانـ
داق نەرسىگە ئادەتلىنىدۇ. ئۇلار بولمىسىمۇ پەرۋايى
پەلەك. ئۇ ھەتتا ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن بىر سەپتە
تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پىلانىغا ئىشتىراك قىلىپ، ئاشۇلار
بىلەن ئۆزىدىن نەپرەتلىنىپ، ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيە
تىنى پىلانلايدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن
كۈچ چىقىرىدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىـ
غىنى مەۋجۇت بولۇش. مەۋجۇت بولىدىغانلا ئىش
بولسا، ئۆزىنىڭ دۈشمىنى بولۇشقىمۇ رازى. بۇنىڭغا
ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ بۇ يەردە ھالاك بوـ
لۇۋاتقاندا چوقۇم يەنە بىر يەردە قايتا تۇغۇلىدۇ. كىـ
شىلەر ئۇنىڭ ھالاكىتىنى تەنتەنە قىلىۋاتقاندا، ئۇ
پەقەت بۇنداق تەنتەنىنى ۋاقىتلىق توختىتىپ، باشقا
بىر خۇشاللىقنى ئالماشتۇرۇۋاتقان بولىدۇ. كىشىلەر
ئۇنى مەغلۇپ قىلىپ، ئۇنى يوقالدى دەپ تۇرغاندا،
سىز ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقاپ قالىسىز. ئۇنىڭ
تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى كۆرىسىز.



يۇقىرىقىلار ئۆزىنى سۆيۈشنىڭ سۈپەتلىرى. ئۇنىڭ مەۋجۇدلۇقى بىر قاتار غايەت زور مالىمان ۋە خاتىرجەمسىزلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇ دېڭىزغا، دېڭىزدىكى هارماس ئېگىز - پەس دولقۇنلارغا ئوخشايدۇ. دولقۇن ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى سۈرىتىدۇر.



## تۇرمۇش مەلۇم نىشانغا يېقىنلاشتۇر

تەبىئەت دۇنياسىدا جىمجىت تۇرىدىغان شەيئى مەۋجۇت ئەمەس. تۇرمۇشمۇ شۇنداق. ئۇمۇ مەڭگۈ تولۇق يەتكىلى بولمايدىغان بىر نىشانغا قاراپ يېقىنلاشتۇر. ھەرىكەت قىلماسلىق ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش. لېكىن بۇ يەردىكى نىشانىنىڭ نېمىلىكىنى دەپ بەرمەك تەس. لېكىن ھەممە نەرسىدە بۇنداق نىشان مەۋجۇت. شۇ يۆنىلىشكە قاراپ كېتىۋاتقىنىمىز ھەممىمىزگە مەلۇم. بۇنداق جەرياندىن ئايرىلىش تۇرمۇشنى مەنىسىز ئالدامچىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بىز بۇ نىشانغا يېقىنلاش ئۈچۈن تىرىشچانلىقىمىزغا تايىنىشىمىز كېرەك. ھەممىگە مەلۇم، تىرىشماي ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

ھەممىنى گۈزەل قىلىش ئۈچۈن — ھاياتتىكى بارلىق ۋەزىپە دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈندۇر — تىرىشچانلىقتا تايانماي مۇمكىن ئەمەس.



## قىزغىنلىق تىزگىنگە موھتاج

قىزغىنلىق ئادەم قەلبىدە ئۇزۇلمەي پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بىرخىل قىزغىنلىقنىڭ تۈگىشى يەنە بىر خىل قىزغىنلىقنىڭ باشلىنىشىدۇر. قەلبىمىز بىر خىل قىزغىنلىقنىڭ تەسىرىدە تۇرغاندا، يەنە بىر خىل قىزغىنلىققا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىش بىلەن بىرگە ئالدىنقى قىزغىنلىقتىن ۋاز كەچكۈمىز كەلمەيدۇ. ئۆلگەن كۈنىمىز، قىزغىنلىقنىڭ تۈگىگەن كۈنىدۇر.

بىز قىزغىنلىقنىڭ بىزگە بولغان تەسىرىنى ئېنىقلاشقا ئامالسىز. قىزغىنلىق ئەڭ قابىل ئادەمنى ساراڭ، ئەڭ كالۋا ئادەمنى ئاقىل قىلىپ تاشلىيالايدۇ. ھەممە قىزغىنلىق، ھاياجان بىزنى خاتالاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. سۆيگۈ تېخىمۇ خاتالاشتۇرىدۇ.

قىزغىنلىق ياكى قىزغىن ھېسسىيات، بىر قايىل قىلىش كۈچى زور ناتىقتۇر. ئۇ ئىگىسىگە تۇغما ئىقتىدار ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭ قانۇنىيىتى قىلچە خاتاسىزدۇر. ئەڭ قايناق ھېسسىياتقا ئىگە مۇنازىرىچى ئەڭ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە مۇنازىرىچىدۇر.

بارلىق قىزغىنلىق شۇبھىسىزكى قىزىغان قان بىلەن سوغۇقلۇقنىڭ كۆرۈشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئەڭ



كۆچلۈك قىزغىنلىق بەزىدە بىزنى بىردەملىك ئارامغا چىقىرىدۇ. لېكىن شۆھرەتپەرەسلىك بىزنى ئازدۇرۇپ تۇرىدۇ. چېچىلاڭغۇلۇق ئەرزىمەس قىزغىنلىقنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، لېكىن ئۇلۇغۋار قىزغىنلىققا تەسىر قىلالمايدۇ. بۇ خۇددى شامالنىڭ شامنى ئۆچۈرۈۋەتكىنى بىلەن گۈلخاننى ئۇلغايتىۋەتكىنىدەك بىر ئىش.

ئۇلۇغۋار قىزغىنلىققا ئىگە كىشىلەر بىر ئۆمۈر ئۆزىنىڭ بەختى ۋە ھەسرەتلىرىنى تامشىپ ئۆتىدۇ. مەشھۇر رەسسام كەبى ئادەمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان ئۇلۇغ ۋە پارلاق ھەرىكەت، مەلۇم سىياسىئونلارنىڭ سەھنىدىكى ئويۇنلىرى دەل كەيپىيات ۋە قىزغىنلىقنىڭ ئادەتتىكى نەتىجىسىدۇر. قىزغىنلىقنىڭ بىر يامان تەرىپى بار. ئۇ ئىگىسىنى ئەڭ خەتەرلىك ئىشلارنى قىلغىلى سالىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىشىمىز، قىزغىنلىق ئەڭ ئەقىلگە سىغىدىغان قىياپەتتە ئايان بولغاندىمۇ شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك.

قىزغىنلىق ئۆزىنى سۆيۈشنىڭ بىرنەچچە خىل تەمىدۇر. قىزغىنلىق ھەمىشە ئۆزى بىلەن قارشىلىشىدىغان نەرسىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. پىخسىقلىق بەزىدە ئىسراپخورلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، بەزىدە ئىسراپخورلۇق پىخسىقلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. كىشىلەر ھەمىشە يۇمشاقلىق ئارقىلىق



قەيسەرلىككە، قورقۇنچاقلىق ئارقىلىق باتۇرلۇققا ئېرىشىدۇ. بىز ھەمىشە قىزغىنلىقىمىز ھەتتا گۇناھقا لايىق قىزغىنلىقىمىزدىن پەخىرلىنىمىز، ھەسەتخورلۇقمۇ بىرخىل نومۇسسىز ۋە ئادەمنىڭ يۈزىنى چۈشۈرىدىغان، ئادەم ئۆزىدە يوق دەپ قارايدىغان قىزغىنلىقتۇر.



## ياردەم تىلەش سەنئىتى

ياردەم تىلەشمۇ بىر خىل سەنئەت. ئۇ سىزنىڭ قارشى تەرەپنى چۈشىنىشىڭىزگە، ئىككى تەرەپنىڭ ئېھتىياجىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتەلىشىڭىزگە باغلىق.

نۇرغۇن كىشىلەر ياردەم تىلەپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان، چۈنكى ئۇلار ئۆزىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغان. قارشى تەرەپنى مەرد ـ سېخىي، شەخسىيەتسىز، ماڭا ياردەم بېرىشكە ئۇنايدۇ دەپ قاراپ قالغان. ئۇلار قارشى تەرەپنى مەردلىك ۋە ئەخلاقنى، دوستلۇقنى چوڭ بىلىدۇ دەپ قاراپ قالىدۇ. لېكىن قارشى تەرەپنىڭ قەلبىدە شۇنداق نەرسە زادى بارمۇ ـ يوق، دەپ ئويلاپ باقمايدۇ. ئۇلار شۇنى چۈشەنمەيدۇكى، ئەڭ ھوقۇقدار كىشىلەر ھامان ئۆز ئارزۇسى ئىچىگە قامىلىپ ياتقان بولىدۇ. ناۋادا سىز ئۇنىڭ شەخسىي مەنپەئەتىگە دەخلى قىلمىسىڭىز، ئۇ سىزنى قىممەتسىز ئادەم دەپ قارايدۇ ياكى ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىدىغان ئىستىپال بۇيۇمى دەپ قاراپ قالىدۇ. مەنپەئەت ئادەمنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان پىشاڭ. ناۋادا سىز قارشى تەرەپكە ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قانداق قاندۇرۇپ، ھەرىكىتىنى قانداق ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرسىڭىز، ئۇلارنىڭ سىزگە بولغان ئېھتىياتچانلىقى پۈتۈنلەي يوقايدۇ. ھاياتنىڭ



ھەربىر قەدەمدە باشقىلارنىڭ تەپەككۇرى ئارقىلىق ئۆز تەپەككۇرىڭىزنى بىلەيدىغان ئۇسۇلنى مەشىق قىلىشىڭىز، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى ۋە مەنپەئەتىنى كۆرۈپ يېتىپ، رېئاللىقنى يۆگەپ تۇرغان ئۆزلۈك تۇيغۇسىنى قايرىپ تاشلاشنى بىلىۋېلىشىڭىز كېرەك. شۇنداق سەنئەتنى ئىگىلىۋالسىڭىز مۇۋەپپەقىيەتىڭىز چەكسىز بولىدۇ.



## ئادەمنى تەتقىق قىلىش ، كىتابلارنى تەتقىق قىلغاندىن زۆرۈردۇر

ئادەمنى تەتقىق قىلىش، كىتاب تەتقىق قىلىشتىن زۆرۈردۇر. ئىنسانىيەتنى تونۇش بىر ئادەمنى تونۇشتىن ئوڭاي. ئادەمنىڭ قىممىتىنىڭ مېۋىگە ئوخشاش ئۆز پەسلى بولىدۇ. قىممىتىمىزدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرساق ئۇلۇغ كۆرۈنسەك ، قىممىتىمىزدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغاندا ئەرزىمەس كۆرۈنىمىز . بىز باشقىلارنىڭ ھەقىقىي چىرايىمىزنى كۆرۈۋېلىشىغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم. بۇنداق قىلىش بار ئامال بىلەن ئۆزىمىزنى ئىپادىلىگەنگە قارىغاندا پايدىلىق.

رەزىل ئادەملەرلا باشقىلارنىڭ كەمسىتىشىدىن قورقىدۇ . ئىنسانىي خۇسۇسىيىتىمىز تۆۋەنلىگەندە قىزىقىشىمىزمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تۆۋەنلەيدۇ . ھەقىقىي قىممىتىمىز ئاز ساندىكى ئاقىللارنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىسا ، بېشىمىزدىكى تاج نۇرغۇن ئەخمەقلەرنىڭ، دۆتلەرنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدۇ.

باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرەلمەيدىغان ئادەم، تولا خاتالىق سادىر قىلىدىغان ئادەمدۇر. بىز ئۆزىمىزنى تونۇشنى ئۆگەتكەن كىشىلەردىن ئاغرىنىمىز. گويا ئاقىنالىق بىر سارالىڭ، ئۆزىنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ قويغان دوختۇردىن ئاغرىنغان كەبى.



## ماختاش چەكتىن ئېشىپ كەتسە زىيانلىقتۇر

پەيلاسوپلار ئېغىزى بوشلاردىن ئەڭ نەپرەتلىنىدۇ. لايىدىمى ئىسىملىك بىر ئالىم «ماختاش بەك كۆپ بولۇپ كەتسە، ماختالغۇچى خالىغانچە ئەسكىلىك قىلىشقا باشلايدۇ. شۇڭا ئادەمنى چەكتىن ئاشۇرۇپ ماختىماسلىق كېرەك» دەپ نەسىھەت قىلىدۇ. لېكىن، بۈگۈنكى جەمئىيەت كىشىلەرنى باشقىلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ مۇنداق ئامالى بار.

بىر ئادەمنى ماختىغاندا يوشۇرۇن ماختاش، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ماختىغاندا شۇ جايدا ماختالغۇچىغا ئۆچ ياكى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدىغانلار بارمۇ ــ يوق، ئېنىقلىۋېلىپ ماختاش كېرەك.

ناۋادا سىز بىر ئابرۇيلۇق، ھەممە ئادەم نوقسانسىز دەپ قارايدىغان ئادەمنى ماختىماقچى بولسىڭىز، دۈشمەنلىرى ۋە ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىدىغانلار ئالدىدا ماختاڭ. چۈنكى شۇنداق قىلغاندا، ئۇلار ئۇ كىشىنىڭ يامان گېپىنى قىلالمايدۇ. چۈنكى ھەممە ئادەمگە مەلۇم، كىمكى بۇنداق چاغدا شۇنداق سۆزلەرنى قىلسا يالغان ئېيتىۋاتقان بولىدۇ. بۇ ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقانلىق بىلەن باراۋەردۇر.



# ماختاشمۇ بىر خىل ئەقىل تەلەپ قىلىدىغان ھەرىكەتتۇر

ئەقىل ـ پاراسەت، قىممەت قارىشى ۋە گۈزەللىكنى ماختاش ئۇلارنىڭ كۈچىيىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۆزىمىزگە بولغان ماختاش ئەخلاقىمىزنى كۈچەيتىپ كاللىمىزدا ماختاشقا لايىقلىنىش تۇيغۇسى قوزغايدۇ.

بەزى كىشىلەر باشقىلارنىڭ ماختىشىنى رەت قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ رەت قىلىشى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك ماختاشلارغا ئېرىشىشنى ئويلىغىنى ئۈچۈندۇر. شۇنداقلا ماختاشنى رەت قىلىش، باشقىلار تەرىپىدىن ئىككى قېتىم ماختىلىش ئارزۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە پەيدا بولغان ئەھۋالدۇر. شۇڭا باشقىلارنى ماختاشمۇ بىر خىل ئالاھىدە سەنئەتتۇر.

بىز باشقىلارنىڭ خاراكتېرىنى ماختايمىز ۋە بۇنى ئۇلارنىڭ نەتىجىسىگە بولغان ھۆرمەت تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان دەپ قارايمىز. لېكىن بۇنداق قىلىش، بۇ بىزنىڭ پىكرىمىزگە ھۆرمەت قىلغانلىقىنى ھۆرمەتلەش دېگەنگە يەتمەيدۇ. بىز باشقىلارنىڭ ئۆزىمىزنى ماختىشىنى ئارزۇ قىلىمىز گويا ئۇلارنى بىز ياساپ قويغان كەبى.



بىز ماختاشقا ھەۋەس قىلمايمىز . ھېچكىمنى ماختىماسلىقىمىزنىڭ ھەم ھېچقانداق ئاساسى يوق . ماختاش بىر ئاقىلانە ھەرىكەت. سەنئەتلىك، يوشۇرۇن ماختاش ، ماختالغۇچى ۋە ماختىغۇچىنىڭ غورۇرىنى ھەر تەرەپتىن تەڭ قانائەتلەندۈرىدۇ . ماختالغۇچى بۇ تۆھپەمگە لايىق ھەق دەپ قارىسا ، ماختالغۇچى كىشىگە ئادىل ۋە پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بار ئادەمكەن ، دېگەن تەسىر بېرىشىمىز تەبىئىي .

بىزنىڭ نۇرغۇن ئىشلارنى ماختىشىمىز ۋە ئەيىبلىشىمىز ماختاش ۋە ئەيىبلەشنىڭ مودا بولغانلىقىدىندۇر. بەزى ئەيىبلەش ماھىيەتتە ماختاش بولسا، بەزى ماختاش تۆھمەتتۇر.

بىز ھەمىشە ماختالغۇچىغا زىيان قىلىدىغان ماختاشقا مايىل . بۇنى بىز كىشىلەرنىڭ كەمچىلىكىنى ماختىغاندا ئاڭلانغان سادادىن كۆرۈۋالالايمىز . بۇ كەمچىلىك بىز باشقا شەكىلدە پاش قىلىشقا پېتىنالمىغان كەمچىلىكتۇر . غايەت زور ۋەھشىي كۈچكە ئىگە ياخشىلىق ماختاشقا ئەرزىيدۇ . باشقا بارلىق ياخشىلىق ، ئىرادىنىڭ كۈچسىزلىكى ۋە گاللىقىنىڭ ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئىپادىلىنىش شەكلىدۇر .



## بويسۇنۇش تەسلىم بولۇشقا باراۋەر ئەمەس

مىلوس ئارىلى ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى بەكمۇ مۇھىم ئارال. قەدىمدە ئافىنالىقلار بۇ بىر پارچە دېڭىز ۋە گرېتسىيىنىڭ دېڭىز ئەتراپى رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. لېكىن سپارتالىقلار مىلوس ئارىلىنى ئەڭ بۇرۇن بويسۇندۇرغان كىشىلەر ئىدى. شۇڭا بولبۇنىيس ئۇرۇشى مەزگىلدە مىلوسلۇقلار ئافىنالىقلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى رەت قىلىپ سپارتاغا سادىق بولدى. كېيىن ئافىنا مىلوسنى ئىشغال قىلىشقا قوشۇن ئەۋەتتى. ھۇجۇم باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئافىنالىقلار مىلوسقا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇلارنى تەسلىم بولۇشقا، ئافىنا بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە دەۋەت قىلدى. بولمىسا مىلوسنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

—ھەممىمىزگە ئايان — دېدى ئەلچى— ھەققانىيەتنىڭ ئۆلچىمى ماھىيەتتە كۈچىڭگە ئاساسەن ئۆلچىنىدۇ. كۈچلۈكلەر كۈچىگە تايىنىپ ئىش قىلىدۇ. شۇڭا، ئاجىزلار ئۆزى زادى قوبۇل قىلمىسا بولمايدىغان تەقدىرنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

لېكىن مىلوسلۇقلار بۇنداق قىلىش باراۋەر

رىقابەتلىشىش روھىغا خىلاپ، دەپ رەددىيە بەردى.
ئەمما ئافىنالىقلار پەقەت ھوقۇقى بار كىشىلەرلا نې-
مىنىڭ ئادىللىق ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلالايدۇ، دەپ
قارىدى. مىلوسلۇقلار ئادىللىقنى ئايرىش ھوقۇقى
ئىلاھتا، ئادەمدە ئەمەس دېدى.

— بىزنىڭ ئىلاھقا بولغان كۆز قارىشىمىز ۋە
ئادەمگە بولغان تونۇشىمىز، بىزگە تەبىئەتنىڭ تەن
ئالمىسا بولمايدىغان مۇقەررەر بىر قانۇنىيىتىنى تو-
نۇتقان. ئۇ بولسىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا كۈچۈڭ
يېتىدىغان نەرسىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش — دېدى
ئەلچى.

مىلوسلۇقلار زادى يول قويمىدى. ئۇلار س-
پارتالىقلار بىزگە ياردەم بېرىدۇ دەپ قارايتتى. ئا-
فىنالىقلار ئۇلارنىڭ قارىشىنى مەسخىرە قىلىپ
سپارتالىقلار مۇتەئەسسىپ ۋە رېئالىزمچى مىللەت،
ئۇلار ھەرگىز سىلەرگە ياردەم بەرمەيدۇ، سىلەرگە
ياردەم بېرىشنىڭ ئۇلارغا قىلچە پايدىسى يوق، بەلكى
ئۇلارنىڭ زېمىنىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ، دېدى.

ئەڭ ئاخىردا مىلوسلۇقلار شان-شەرەپ ۋە تا-
جاۋۇزچىلارغا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ پرىنسىپى
ھەققىدە سۆزلەشكە باشلىدى.

— مەۋھۇم شان-شەرەپنى دەپ تۇيۇق يولغا
كىرىپ قالماڭلار — دېدى ئافىنالىقلار — روشەن



خەتەر مەۋجۇت ۋە بۇ خەتەر ئادەمنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىدىغان چاغدا شان-شەرەپكە ئېرىشىلىۋېلىش، ئادەمنى ۋەيران قىلىدۇ. بىز سىلەرگە قوبۇل قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار شەرتلەرنى قويۇپ تەسلىم بولۇڭلار دېگەندە، ئەڭ ياخشىسى گېپىمىزنى ئاڭلاڭلار. گرېتسىيىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ شەھەر دۆلىتىگە بويسۇنۇش، نومۇس قىلغۇدەك ئىش ئەمەس.

مۇنازىرە ئاخىرلاشتى. مىلوسلۇقلار سپارتالىقلار بىزگە ياردەم بېرىدۇ، ئىلاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ھەققانىيەت بىز تەرەپتە دەپ قاراپ، ئافىنالىقلارنىڭ تەكلىپىنى ئەدەپ بىلەن رەت قىلدى. نەچچە كۈندىن كېيىن ئافىنا قوشۇنى مىلوسقا تاجاۋۇز قىلدى. سپارتالىقلار ياردەم قىلمىدى. مىلوسلۇقلار تەڭ كېلەلمىدى. مەغلۇپ بولدى. ئافىنالىقلار ئۇرۇشقا قاتناشقان ھەممە ئەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئايال ۋە بالىلارنى قۇل قىلدى. ئارالغا باشقا ئاھالە كۆچۈرۈپ كەلدى. بۇ ئاپەتتىن ناھايىتى ئاز ئادەم قېچىپ قۇتۇلدى.

ئافىنالىقلار تارىختىكى ئەڭ رېئالىزمچى مىللەت ئىدى. ئۇلار ئەڭ ئەمەلىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن مىلوسلۇقلارنى قايىل قىلماقچى بولدى. سىز بەك ئاجىز چاغدا كۈچلۈك دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش سىزنى ھەممىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. ھېچكىم ئاجىزلارغا ياردەم بېرىشنى خالىمايدۇ. بۇنداق چاغدا ئۇرۇش قىلىش ئۆزىنى خەتەرگە ئۇرۇشتىن باشقا ئىش



ئەمەس، ئاجىزلار ياردەمسىز ھالەتتە تىز پۈكۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. نۇرغۇن ئادەمنىڭ قېنى تۆكۈلىدۇ.

ئاجىزلىق جىنايەت ئەمەس. ناۋادا سىز ئۆزىڭىزنى قانداق كونترول قىلىشنى بىلسىڭىز ھەتتا كۈچىيىپ قېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن. ناۋادا شۇ چاغدا مىلوسلۇقلار ئافىنالىقلارنىڭ تەسلىم بولۇش تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، پۇرسەت كەلگەندە ئەپچىل ئۇسۇللار بىلەن ئافىنانىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى چىققان ياكى بولمىسا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن نەپ ئالغان، ئافىنانىڭ ئاجىزلىشىشىنى كۈتكەن بولسا ياخشى بولاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ نەچچە يىلدىن كېيىن ئافىنا خارابلاشتى. تەقدىر ئەنە شۇنداق ئۆزگىرىشچان.

دۇنيادا ھېچكىم مەڭگۈ كۈچلۈك بولالمىغان. تەسلىم بولۇش ئارقىلىق كۈچۈڭنى يوشۇرۇپ، دۈشمەننىڭ ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ، پۇرسەت كۈتۈش ئەڭ ئاقىلانە چارە. يەڭگىلى بولمايدىغان بىر مەيدان جەڭنىڭ شان-شەرىپىگە مەۋجۇتلۇقىڭنى تېگىشىش ئەخمىقانىلىك. ناۋادا بىرسى سىزنى قىستاپ كەلسە، بىز تەبىئىي ھالدا ئەكس سادا قايتۇرىمىز. مۇشتقا مۇشت ئارقىلىق جاۋاب بېرىمىز. لېكىن سىز كېلەر قېتىم دۈشمەن باستۇرۇپ كەلگەندە، ئۆزىڭىز قايتۇرما زەربە بېرىشكە تەييارلىق قىلغاندا مۇنداق ئۇسۇلنى سىناپ بېقىڭ. قارشى تەرەپكە قار-



شى تۇرماي ياكى قايتۇرما زەربە بەرمەي چېكىنىڭ . بۇنداق قىلىش ئۇلارنى تايىنىش نۇقتىسىدىن ئايرىپ تاشلايدۇ . ئەسلى ئۇلار سىزنىڭ قايتۇرما زەربە بېرىشىڭىزنى كۈتكەن، سىزدىن باھانە ئىزدەپ تۇرغان بولۇپ، قايتۇرما زەربە بەرمەسلىكىڭىز ئۇلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ. نېمە قىلىشنى بىلمەي قالىدۇ. شۇ چاغدا سىز ئۆزىڭىزنى ئوڭشىۋالسىڭىز، ۋەزىيەت سىزگە پايدىلىق تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. چۈنكى سىزنىڭ بويسۇنۇشىڭىز تېخىمۇ چوڭ پىلانىڭ بىر قىسمى بولۇپ دۈشمەننى بىخۇدلاشتۇرۇش، ئۇلارنى، سىزنى يېڭىلدى دېگەن كۆز قاراشقا ئىشەندۇرۇش ئۈچۈندۇر.

تەسلىم بولۇش تەدبىرىنىڭ مەنىسى شۇكى، تېشىڭىزدا تەسلىم بولغان بىلەن ئىچكى قىسمىڭىزدا مۇستەھكەم تۇرىسىز. رەقىبىڭ غەزەپ قىلىشقا باھانىسىز قېلىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي قالىدۇ. زوراۋانلىق قىلىشقا ئامالسىز قالىدۇ. سىز شۇ چاغدا قايتۇرما ھۇجۇم پۇرسىتىگە، ئۆزىڭىزنى ئوڭشىۋالغۇدەك ۋاقىتقا ئېرىشىسىز. جاللاتلار ۋە تاجاۋۇزچىلار بىلەن بولغان كۈرەشتە تەسلىم بولۇش بەك ياخشى تەدبىردۇر. بۇ تەدبىرنى قوللىنىش ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىشىڭىز لازىم. ھەقىقىي تەسلىم بولغان كىشىلەر ئەركىنلىكىدىن ۋاز كېچىدۇ. ھاقارەت دەستىدىن قايتا ئورنىدىن تۇرالمايدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇن ئۆلگەن بولۇۋېلىپ خەتەردىن قۇتۇلىدىغان ھايۋان كەبى



ساختا تەسلىم بولۇڭ.

بىز تەسلىم بولۇش ئارقىلىق ئۇرۇشتىن ئارتۇق پايدا ئالغان مىساللارنى كۆرگەن. بىزدىن كۈچلۈك رەقىبكە دۇچ كەلگەندە، يېڭىلىشىمىز مۇقەررەر بولۇپ قالغاندا، تەسلىم بولۇش قېچىپ كېتىشتىن ئەلادۇر. قېچىپ كەتسەك، بىر مەزگىل قۇتۇلۇپ قالغان بىلەن، تاجاۋۇزچى سىزنى بىر كۈنى تۇتۇۋالماي قالمايدۇ. ناۋادا سىز تەسلىم بولۇش ئارقىلىق كۈچىڭىزنى ساقلاپ قېلىپ، دۈشمەنگە يېقىن ئارىلىقتىن قايتۇرما زەربە بېرىش ئىمكانىيىتى بولسا، تەسلىم بولغان تۈزۈك.



## مۇتلەق ئىشىنىپ كەتمەك ، مۇتلەق نەپرەتلىنىپمۇ ھەم

بۇگۈنكى دوستىڭىزغا مۇتلەق ئىشىنىپ كەتمەك . ئەتە دۈشمىنىڭىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . بۇنداق ئىشلار رېئاللىقتا بەكمۇ كۆپ يۈز بەرگەن . شۇڭا، كۆڭلىڭىزدە سان بولغانلىقنىڭ زىيىنى يوق . قوراللىڭىزنى دوستلۇققا ئاسىيلىق قىلىدىغانلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزماڭ . يەنە بىر تەرەپتىن دۈشمەنگە دوستلۇق ئىشىكىنى مەڭگۇ ئوچۇق قويۇڭ . ناۋادا دوستلۇق ئىشىكى بىلەن مەردلىك ئىشىكى تەڭلا ئېچىلسا تېخىمۇ بىخەتەر بولىدۇ . بىر چاغلاردىكى قىساسخورلۇقىڭىز ، بۇگۈنكى ئاچچىق ئەسلىمىلەرگە سەۋەب بولۇپ قېلىشى مۇمكىن . يامان ئىش قىلىپ قەلبىمىزدە پەيدا بولغان شادلىق كېيىن ئۆمۈرلۈك ھەسرىتىمىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن .



## مەنپەئەت بىر قىسىم كىشىلەرنى قارىغۇ قىلىپ قويسا ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆزىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈۋېتىدۇ

مەنپەئەت دېگەن بۇ سۆز ھەرقانداق ئادەمنى ھەتتا شەخسىي غەرەزسىز ئادەمنىمۇ ئەخمەق قىلىپ قويـنايدۇ. مەنپەئەت ھەر تۈرلۈك ئەخلاق ۋە رەزىللىكنىڭ تۈرتكىسىدۇر . مەنپەئەت بىر قىسىم كىشىلەرنى قارىغۇ قىلىپ قويسا ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ كۆزىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئەقىللىق ئادەم مەنپەئەتنىڭ دەرىجىسىنى قانداق ئايرىشنى بىلىدۇ . بىز نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىراۋاتقان ۋاقتىمىزدا ، ئاچ كۆزلۈكىمىز بۇ تەرتىپنى بۇزۇۋېتىدۇ - دە ، نەتىجىدە زۆرۈر بولمىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى ئويلىغانلىقىمىز سەۋەبىدىن ، ئەڭ مۇھىم بولغان نەرسىلىرىمىزنى كەتكۈزۈپ قويىمىز . يەزىلەر ئۆزىنىڭ بىزگە كەلتۈرگەن زىيىنى ئۈستىدە ھېسابلاشماسلىقىمىزنى ئويلاپ ، بىزگە ئازراق مەنپەئەت بېرىدۇ. بىز مەنپەئەتنى، ياخشىلىقنى ماختاپ، يامانلىقتىن نەپرەتلىنىشنىڭ ئاساسى قىلىمىز. بىز ئۆز يامانلىقلىرىمىز ھەم ياخشىلىقلىرىمىزنىمۇ مەنپەئەتتىن كۆرىمىز .

بىز ھەمىشە كىچىككىنە مەنپەئەتنى دەپ ،



سوتچىدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرساق، ئەكسىچە ھېلىقىدەك كۆرۈنمەس، كۆڭلىدە غۇم ساقلايدىغان ئەقىلسىز كالۋالارنىڭ بىز ئۈچۈن ياخشى گەپ قىلىپ قويۇشى ئۈچۈن ھېچقانداق تەدبىر قوللانماي، ئۆز شەخسىي سىرىمىز ھەم تۇرمۇشىمىزنى ئاشكارىلاپ، ئۇلار ئارقىلىق ئۆز شان - شەرىپىمىزنى باھالىتىپ يۈرىمىز.



## ۋاقىتنى قانداق كونترول قىلىشنى بىلىۋېلىڭ

ۋاقىت ئىنسانىيەت ئۆزى ئىجاد قىلغان ئۇقۇم، بالىلارنىڭ ۋاقتى ئاستا ئۆتىدۇ. چوڭلارنىڭ تېز ئۆتىدۇ. ۋاقىتنى قانداق ئۆتكۈزۈش، بىلىش مەسىلىسى. بىزگە مەلۇم بىلىشنى، ئىرادە ئارقىلىق ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ۋاقىت سەنئىتىنى ئىگىلىمەكچى بولىدىكەنمىز ئەڭ ئاۋۋال مۇشۇ قانۇنىيەتنى بىلىۋېلىشىمىز كېرەك. بىز ھەمىشە كەيپىياتنىڭ تەسىرىدە ۋاقىتنى تېز ئۆتۈۋاتقاندەك، تىزگىنلىگىلى بولمايدىغاندەك ھېس قىلىمىز. ناۋادا بىز ۋەقەلەرگە بولغان كەيپىياتىمىزدىكى ئىنكاسنى كونترول قىلالىساق، ۋاقىت بىز ئارزۇ قىلغاندەك كونترول قىلغىلى بولىدىغان نەرسىگە ئايلىنىدۇ. شەيئىلەرگە يۈزلىنىش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتىش بىزنىڭ كەلگۈسى ۋاقىتتا بولغان بىلىشىمىزنى، تۇيغۇمىزنى كۈچەيتىدۇ. قورقۇنچ ۋە غەزەپ تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغان تەپەككۇر بوشلۇقى ئېچىلىدۇ. قەلبىمىزدە سەۋر - تاقەت پەيدا بولىدۇ. سەۋر - تاقەت ۋاقىت سەنئىتىنى ئىگىلەشنىڭ مۇھىم شەرتى.

بىز يۈزلىنىشكە تېگىشلىك ۋاقىتنىڭ ئۈچ خىل تىپى بولىدۇ. ھەربىر تۈردىكى مەسىلىنى ما-



ھىرلىق ۋە سەۋر ـ تاقەت ئارقىلىق ھەل قىلىغىلى بولىدۇ. بىرىنچىسى، ۋاقىتنىڭ ئۆزۈنلۈكى، بىز چوقۇم سەۋر ـ تاقەت ۋە مۇلايىملىق بىلەن نەچچە يىللىق ئارزۇيىمىزنى بويسۇندۇرۇشىمىز كېرەك. ئۇزاق ۋاقىتقا مۇئامىلە قىلغاندا، بىز چوقۇم مۇداپىئەدە تۇرۇشىمىز، يېڭىلىك قىلىشتىن ساقلىنىشىمىز لازىم. بۇ بىر خىل پۇرسەت كۈتۈش سەنئىتىدۇر. ئىككىنچىسى، ۋاقىتنىڭ مەجبۇرلىشى، ئۇ بىز كونترول قىلالايدىغان قىسقا ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ۋاقىتنى ھۇجۇم قورالى قىلىپ، دۈشمەننىڭ پۇرسەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش لازىم. ئۈچىنچىسى، ئاخىرلىشىش ۋاقتى، ھەرقانداق پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىشى سۈرئەت ۋە قۇۋۋەتكە باغلىق. بىز سەۋر قىلىپ پۇرسەت كۈتۈپ، پۇرسەت كەلگەندە زادى ئىككىلەنمەسلىكىمىز لازىم.

بىز ھازىر ۋاقىتنىڭ ئۇزۇنلۇقى مەسىلىسى ھەققىدە سۆزلىشىپ باقايلى. بىز قورقۇنچ ۋە ئالدىراقسانلىق بىلەن قەدىمىمىزنى تېزلەتكەندە، بىر تالاي جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىمىز. نەتىجىدە ئەڭ جىددىي ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئىلگىرىكىدىن كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. ئالدىراش ئادەملەر بەزىدە ناھايىتى تېزلا مەنزىلگە يېتىشى مۇمكىن. لېكىن توختىماي پەيدا بولۇۋاتقان يېڭى خېيىمخەتەر ئۇنى



كىرىزىسقا پاتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزى پەيدا قىلغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلمىسا بولمايدۇ. بەزىدە خەتەرگە سالقىنلىق بىلەن يۈزلىنىش ئەڭ ياخشى چارىدۇر. سىز كۈتسىڭىز، قەستەن ئۆزىڭىزنى توختىتىۋالسىڭىز، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سىز تەسەۋۋۇر قىلمىغان پۇرسەتلەر پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

كۈتۈشنى ئۆگىنىۋېلىش كەيپىياتنى كونترول قىلىش ئۈچۈنلا بولۇپ قالماستىن، قارشى تەرەپنىڭ كەيپىياتىنى.ئىگىلەش ئۈچۈندۇر. ناۋادا ئۇلار ھەردىكەتنى قۇۋۋەت دەپ قاراپ قالسا، سىزنى قوپاللىق بىلەن زەربە بېرىشكە مەجبۇرلىشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن سىز رەقىبىڭىزنى خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئاۋارىچىلىققا ئىتتىرىپ قويالىسىڭىز ۋە بىر تەرەپتە پۇرسەت كۈتۈپ، پۇرسەت پىشىپ يېتىلگەندە ئۆزىڭىز ھۇجۇم قىلسىڭىز، غەلىبە سىزگە مەنسۇپ بولماي قالمايدۇ.

سىزنىڭ قەستەن ۋاقىتنى كېيىنگە سۈرۈشىڭىز ئۇزاقراق ياشاش ئۈچۈن بولماستىن، ياكى كۆز ئالدىڭىزدىكى شادلىقتىن بەھرىمەن بولۇش بولماستىن بەلكى سەۋر ـ تاقىتىڭىزنى چېنىقتۇرۇپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلالايدىغان ماھارەتكە ئىگە بولۇش ئۈچۈندۇر. ناۋادا سىزنىڭ پاراسىتىڭىز ئۇزلۇكسىز يۈز بېرىپ تۇرىدىغان جىددىي ئىشلارنى دەپ پاراكەندە



بولمايدىغان ھالەتكە يەتسە، سىز تېخىمۇ ئۇزاق كەلگۈسىگە نەزەر تاشلىيالايسىز. كۆز ئالدىڭىزدىكى مەنپەئەتنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلەيسىز. ئالدىراقسان دەپ نام ئېلىپمۇ قالمايسىز. بۇنداق قىلغاندا، ھەرىكەت قىلىش بوشلۇقىڭىز تېخىمۇ كېڭىيىپ پەرەز قىلمىغان ياخشى پۇرسەتكە ئېرىشمەي قالمايسىز. ناۋادا قەدىمىڭىز ئىتتىك بولسا، ھەمىشە پۇرسەتتىن قۇرۇق قېلىشىڭىز مۇمكىن. بىرىنچى پىلانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ ئىككىنچى پىلانىڭىزغا قاراپ قەدەم ئېلىپ سېلىشىڭىز مۇمكىن. ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇزاق ۋاقىت كېرەك. ئاساسنى ئوبدان سالسىڭىز ئوڭاي يىقىلمايسىز. ئاستا ۋە پۇختا سېلىنغان ئىمارەت ئەڭ پۇختا ئىمارەتتۇر.

ۋاقىتنىڭ قەدىمىنى ئاستىلىتىش ئۈچۈن ئەتراپقا سوغۇققانلىق بىلەن نەزەر سېلىش كېرەك. ئارىلىق ساقلىسىڭىز، سوغۇققانلىق بىلەن كۆزەتسىڭىز كەلگۈسىدىكى ئىشلارنىڭ ماھىيىتىگە يەتمەك تەس ئەمەس. نۇرغۇن كىشى يۈزەكى ھادىسىلەرنى ماھىيەت دەپ قاراپ قالىدۇ. ئۆزىگە لازىم نەرسىلەرنىلا كۆرىدۇ. ناۋادا سىز يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلىسىڭىز ھامان ئۈستۈنلۈك قازانماي قالمايسىز.



ئىككىنچىسى، ۋاقىتنىڭ مەجبۇرلىشى ياكى ۋاقىتنى مەجبۇرلاش، ۋاقىتقا كۈچ ئىشلىتىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ۋاقىتىنى كونترول قىلىپ، ئۇلارنى ئالدىراش قىلىۋېتىش ياكى قارىغۇلارچە ساقلايدىغان قىلىۋېتىش دېگەنلىكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنى ۋاقىتنىڭ سۈرئىتىنى قوغلىشىشتىن ۋاز كەچتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ۋاقىتقا بولغان تونۇشىنى بۇرمىلاپ، ئۇلارنىڭ ۋاقىتقا بولغان كونتروللۇقىنى بۇزۇۋېتىشتۇر. بۇنداق قىلىش سىزدىن سەۋر ـ تاقەت تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق سىز پۇرسەتكە ئېرىشەلەيسىز. پۇرسەت غەلىبىنىڭ يېرىمى دېمەكتۇر.

باشقىلارنى ساقلىتىش ۋاقىت كونترول قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلىدۇر. قارشى تەرەپكە پىلانىڭىزنى بىلدۈرمەي ۋاقىتنى كونترول قىلىپ، ئۇلارنى ئازاب ئىچىدە تاقەتسىزلەندۈرسىڭىز ئۇلار ناھايىتى تېزلا تەۋرىنىدۇ. سىزگە ھۇجۇم قىلىش پۇرسىتى چىقىدۇ. قارىمۇقارشى چارىمۇ بار. ئۇمۇ بەك ئۈنۈملۈك. دۈشمىنىڭىزنى ئالدىرىتىپ، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن كۈرەش قىلىسىز. ئاخىردا تۇيۇقسىز بېسىم ئىشلىتىسىز. قارشى تەرەپنى ھەممە ئىش بىر يولى يۈز بەرگەندەك تۇيغۇغا كەلتۈرىسىز. ۋاقىت ھەققىدە تەپەككۇر قىلمىغان ئادەم ناھايىتى



ئوڭاي خاتالىق سادىر قىلىدۇ. ناھايىتى ئالدىراش ئۆ-
زى ئۇچۇن ئەلڭ ئاخىرقى پۇرسەتنى بېكىتىپ چى-
قىدۇ.

ئەلڭ ئاخىرقىسى، ئاخىرلىشىش ۋاقتى ياكى
ۋاقىت ئاخىرلاشتۇرۇشتۇر. سىز ناھايىتى ئۇستىلىق
بىلەن سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتۈش، پۇرسەتنى ئىگى-
لەش، رەقىبىنىڭ ۋاقتىنى قالايمىقان قىلىش قاتارلىق
ئويۇنلارنى ئوينىغان بىلەن، قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى
بىلمىسىڭىز بۇنداق ئويۇننىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى
بولمايدۇ. قارىماققا ناھايىتى سەۋرى - تاقەتلىك، ئە-
مەلىيەتتە ئىشنىڭ ئاخىرلىششىنى خالىمايدىغان
ئادەم بولۇپ قالسىڭىز زادى بولمايدۇ. پۇرسەتنى تۇتۇپ
ھۇجۇم قىلىشنى بىلمىسىڭىز سەۋر - تاقەت بىلەن
كۈتۈشنىڭ بىر پۇللۇق قىممىتى بولمايدۇ. مەيلى
سىز كۈتۈڭ، ئاخىرغىچە كۈتۈڭ، لېكىن پۇرسەت
كەلگەندە چاقماقتەك تېز ھەرىكەتكە كېلىڭ. سۈر-
ئەتتىن پايدىلىنىش، دۈشمىنىڭىزنى نېمە قىلىشنى
بىلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. خاتالىقىڭىزنى
بىلىندۇرمەيدۇ. كىشىلەر سىزنىڭ ھوقۇقىڭىز ۋە
كەسكىنلىكىڭىزنىڭ قۇدرىتىدىن تىترەيدۇ.

يىلان ئويناتقۇچىلاردىكى سەۋر - تاقەت بولۇش
كېرەك. سىز سوغۇققانلىق ۋە مۇقىم رىتىم بىلەن
يىلاننى ئۇۋىسىدىن چىقىرىپ، ئالدىڭىزدا ئۇنىڭ زە-



ھەر بىلەن تولغان بېشىنى ئويناتالامسىز؟ ئەڭ ئاخىرقى مەيدان ئويۇنغا تەسىر يەتكۈزۈشكە ھېچقانداق ئاساسىڭىز يوق. ۋاقىتنى ئىگىلەش سەنئىتىنى قانداق ئىگىلىگەنلىكىڭىز، ئاخىرلىشىش ۋاقتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىڭىزغا باغلىق.



## ئېرىشىش يولى

مەلۇم بىر نەرسىگە ئېرىشىشتىن ئىلگىرى، شۇ نەرسىگە ئېرىشكەنلەرنىڭ بەختلىك ياكى ئەمەسلىكىگە قاراپ بېقىڭ.

كىچىككىنە بىر نەرسە ئاقىللارنى خۇشال قىلالىشى، ھەرقانداق نەرسىمۇ ئەخمەقنى قانائەتلەندۈرەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا كىشىلەر بىچارە قۇرتقا ئوخشايدۇ. چۈنكى دۇنيادا ئەڭ بەختلىك ئادەم پەقەت ئازغىنا نەرسە بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالىدىغانلار. ھېلىقى مەشھۇر شەخسلەر بۇ نۇقتىدا بەك بىچارە. چۈنكى ئۇلار نۇرغۇن بايلىق ئارقىلىقلا ئۆزلىرىنى بەختلىك ھېس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ھەقىقىي بەختلىك ئەمەس.

مەيلى ئىلگىرى ياكى كېيىن بولسۇن ھامىنى ئۆلىدىغان تۇرۇپ، ھەرقانداق نەرسىدىن قورقىمىز، ھەممىگە ئېرىشكۈمىز كېلىدۇ، خۇددى ئۆلمەيدىغاندەك. ئادەملەر نېمانداق بىچارە، ئۆز ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە بىر ئۆمۈر تىپىرلايدۇ ھەمدە بۇ يولدا ئۇرۇشىدۇ. ئادەملەر ئارزۇ ئازابىدا چىدىغۇسىز قىينىلىدۇ. لېكىن بۇ ئازابتىن رە-



ھەمسىزلىك بىلەن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنمايدۇ. ئادەم ئۆ-
زىنىڭ يارىماس قىلمىشلىرىدىن نەپرەتلەنمەي شۇ
قىلمىشلارنى داۋالايدىغان رېتسېپتىن نەپرەتلىنىدۇ.
ئۇلار ھەم كېسەلگە چىدىمايدۇ، ھەم داۋالاش ئازابىغا
چىدىمايدۇ.



## باشقىلارنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاڭ

ئېسىڭىزدە بولسۇن، بىرىنچى ئارزۇنى يوقىتىش ئۇنىڭ كەينىدىن قاتارلىشىپ كەلگەن ھەممە ئارزۇنى قاندۇرىمەن دېگەنگە قارىغاندا ئوڭاي.

پاراڭ جەريانىدا كۆڭلىمىزنى چۈشىنىپ، ھالىمىزغا يېتىدىغانلارنىڭ ناھايىتى ئاز بولۇشىدىكى سەۋەب، ئومۇمەن ھەممىلا ئادەم ئۆزىنىلا ئويلايدۇ. ھەرگىزمۇ قارشى تەرەپنىڭ سوئالىغا ئەستايىدىللىق بىلەن كۆڭۈل قويۇپ جاۋاب بېرىشنى خالىمايدۇ. ئەقىللىق، باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشىشكە ماھىر كىشىلەر، سىرتقى قىياپەتتە سىزنىڭ سۆزلىرىڭىزنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاندەك قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە، دەل شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن، روھىي قىياپىتىدىن سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى قىلچە چۈشەنمىگەنلىكىنى، ئەكسىچە سۆھبەت تېمىسىنى ئۆزى ياقتۇرىدىغان تېمىغا بۇرىماقچى بولغانلىقىنى ھېس قىلىسىز. ئەمما ئۇلار بۇنداق قىلىشنىڭ پەقەت ئۆزىنىلا رازى قىلىش ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنى قايىل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە باشقىلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ئۇلارنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش، سورىغانلىرىغا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بېرىشنىڭ سۆھبەتتىكى ئەڭ ئەقەللىي ئەدەپ-قائىدىلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قويمايدۇ.



## ھەقىقىي دوستقا ئىشىنىڭ

بىر ھەقىقىي دوستقا ئىگە بولۇش ياخشى ئىشنىڭ ئىچىدىكى ياخشى ئىشتۇر. ئەنسىرەش ھاجەتسىز ھەقىقىي بايلىقتۇر.

بىز روھنىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتى تەستە تونۇپ، پاراسەتنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ناھايىتى ئوڭاي كۆرۈۋالىدىغان بولغاچقا، دوست تۇتۇش ئۆلچىمىمىز پات-پات ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. دوستىمىزدىن رازى بولۇش دەرىجىمىز ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكىگە ئاساسەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ۋە بىز بىرگە ياشىغان تۇرمۇش شەكلىگە ئاساسەن ئۇلارنىڭ ھەقىقىي قىممىتىگە ھۆكۈم قىلىمىز. ئۇلارنىڭ ماھىيىتى بىلەن ھېسابلاشمايمىز. دوستىمىزنىڭ مەنپەئەتىمىزگە زىيان يەتكۈزمەيدىغان كەمچىلىكىنى ئوڭايلا ئەپۇ قىلىمىز. بەزىدە ئۇلاردىن ئوڭايلا خاپا بولۇپ قالىمىز. ئۆز دوستىغا ئىشەنمەسلىك، دوستىنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرىغاندىن ئېغىر ئىش. ئۆزىمىزنى ھەمىشە دوستىمىزغا يۈرەك سىرىمىزنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن توسۇشىمىزنىڭ مەقسىتى ئۇلارغا ئىشەنمىگەنلىكتىن ئەمەس، ئۆزىمىزگە ئىشەنمىگەنلىكتىندۇر.



كىشىلەر دوستىمىزنىڭ بىزگە بولغان ساداقىتىنى ماختىغاندا، ئۇلارنىڭ ماختىشى دوستىمىزغا بولغان مۇھەببەت تۈپەيلىدىن ئەمەس، بىزنىڭ قىممىتىمىزگە بولغان تونۇشىدىن پەيدا بولىدۇ. كىشىلەر دوستى ۋە تەنقىدچىسىگە بولغان مېھىر - مۇھەببەتنى ئۇزاققىچە ساقلاپ كەتمەيدۇ. ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ھامان، ئۇلارنىڭ كەمچىلىكىنى سۆزلەشكە باشلايدۇ.

بىز ناھايىتى ئوڭايلا دوستىمىزنىڭ بەختسىزلىكىگە تەسەللى بېرەلەيمىز. بۇنداق تەسەللى رەھىم - شەپقىتىمىزنى ئىپادىلەشكە پايدىلىق بولسا تېخىمۇ شۇنداق.



## ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنى
## ساراسىمىگە سالماڭ

ئاندورناس كەلگەلەي سىۋىلىسنىڭ ئوغلى بولۇپ، گەرچە تۇغما تاللانتلىق بولمىسىمۇ، تەلەيلىك بولغاچقا، پۇقرالارنىڭ ھەم ئەسكەرلەرنىڭ ماختىشىغا، قوللىشىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ھەربىي ئىشلارنى ئەڭ ئۇستۇن ئورۇنغا قويىدىغان، جاپاغا چىداملىق، راھەت - پاراغەتكە بېرىلمەيدىغان خاراكتېرى پۈتۈن ئارمىيىدىكىلەرنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن. ئەمما ئۇ زور كۆپچىلىك رىم پۇقرالىرىنى، ئالېكساندىرىيە رايونىدىكى پۈتۈن ئاھالىلەرنى رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن پۈتۈن دۇنيانىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغاپ، ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى ساراسىمىگە سېلىپ قويغان. ئەڭ ئاخىردا ئۆز قەۋمىدىكى بىرەيلەن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن.

ئەگەر بىر ئادەم ئىنچىكە پىلان تۈزۈپ، مەلۇم بىرسىنى ئۆلتۈرۈشكە نىيەت قىلغانىكەن، بۇنىڭدىن پادىشاھمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ئۆزى ئۆلۈمدىن قورقمايدىكەن، باشقىلارنى ئۆلتۈرەلەيدۇ. ئەمما بۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كەتمەڭ، بۇنداق كىشىلەر پەقەت ئازساندا. ئېھتىيات قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، ھەرگىزمۇ ئۆز يېقىنلىرىڭىزغا، سىزگە



ياردەم بەرگەنلەرگە زەربە بېرىپ يۈرمەڭ. كەلگەلەي دەل مۇشۇ تەرەپتە كەتكۈزۈپ قويغان. ئۇ ئاقساقالنىڭ ئىنىسىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ، ئاقساقالغىمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا تەھدىت سېلىپ گازارمىغا قاماپ قويغان. بۇنداق قىلىش قوپاللىق بولۇپ، ئەمەلىيەتتە كەلگەلەينىڭ تۈگەشكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.



## باتۇرلۇق ۋە قورقۇنچاقلىق

قورقۇمسىزلىق روھنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىدۇر. ئۇ روھىي ئازاب، قالايمىقانچىلىق، خەۋپ ـ خەتەر جەريانىدا ئۆزىگە يۈكلىنىۋالغان ناچار كەيپىياتنى ئوڭشايدۇ. قەھرىمانلار بۇنداق كۈچكە تايىنىپ ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ تاسادىپىي ئىشلاردا ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ۋەزىيەتكە تاقابىل تۇرىدۇ. ئەقلىنى ئەركىن ھالدا ئىشلىتىۋېرىدۇ.

مۇكەممەل باتۇرلۇق بىلەن ئۇزۇل ـ كېسىل قورقۇنچاقلىق، يەتمەك تەس بولغان قارىمۇ قارشى ئىككى نۇقتا. بۇ ئىككى نۇقتا ئوتتۇرىسىدىكى پەرق غايەت زور. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرق بار. بەزىلەر ئۆزلۈكىدىن بىر ئىشقا تەۋەككۈل قىلىدۇ، لېكىن بەزىلەر شان ـ شەرەپ ئالدىدا قانائەتلىنىپ قايتا ئىش قىلىشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بەزىلەر مەڭگۈ قورقۇنچنى كونترول قىلالمايدۇ. بەزىدە ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭغىنى ئۆز ئورنىدا توختاپ قېلىشتىن قورققانلىقىدىن كېلىپ چىققان... بەزى كىشىلەر ئادەتتىكى خەتەرگە ئادەتلىنىپ كەلگەچكە چوڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلالايدۇ. بەزىلەر قىلىچنىڭ بىسىدىن قورقمىغان بىلەن مىلتىقنىڭ ئېغىزىدىن قورقىدۇ. بەزىلەر مىلتىقتىن قورقماي قىلىچتىن



قورقىدۇ. بۇنداق ئوخشىمىغان تېپتىكى باتۇرلۇق مەلۇم دەرىجىدە بىر - بىرسىگە باغلىنىشلىق بولىدۇ. قاراڭغۇلۇق قورقۇنچنى كۆچەيتىپ ياخشى - يامان قىلمىشلىرىمىزنى يوشۇرۇپ قالىدۇ، ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەت قىلىش ئەركىنلىكى بېرىدۇ. ئادەم بەزى ئالاھىدە سورۇنلاردا بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلالمىغاندا تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن، كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمگە بولغان قورقۇنچى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بەزى باتۇرلۇقنى بۇلاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.



## نەپسىڭىزنى يېڭىڭ

ئادەم ھەرقانداق جەھەتتىكى نەپسىگە نىسبەتەن تۇنجى قېتىم تىلەمچى قىياپەتتە يۈزلىنىدۇ. ئىككىنچى قېتىم مېھمان سۈپىتىدە يۈزلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرى ئۆينىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق قەلەندەرنى رەھىمسىز ھالدا رەت قىلىپ، قەلب ئىشىكىمىزنى ئاچماسلىقىمىز كېرەك. ھارۋىكەشنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇشى ئاتنى تىزگىنلەش ئۈچۈندۇر. ئادەممۇ نەپسىنى شۇنداق تىزگىنلەش كېرەك. تىزگىنىنى بىرلا تارتىپ قويۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. ئۆزمەي كۈرەش قىلىش كېرەك. شۇندىلا ئاخىرقى غەلىبە سىزگە مەنسۇپ بولىدۇ.

ناۋادا سىز ۋاقىتلىق نەپسىڭىزنى يېڭەلمىسىڭىز مەيۈسلەنمەڭ، ھەر قېتىملىق كۈرەش نەپسىڭىزنىڭ كۈچىنى ئازايتىپ بارىدۇ. ئەڭ ئاخىردا ئۇنى يېڭىشىڭىز ئۈچۈن پۇرسەت ھازىرلايدۇ.



## باشقىلارنىڭ خام خىيالىدىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىڭ

ئادەملەرنىڭ قەلبىدىكى خام خىيال غايەت زور تەسىرگە ئىگە بولىدۇ. بولۇپمۇ ئاپەتلىك يىللاردا تېخىمۇ شۇنداق. دۆت ئادەملەر مەسىلىنىڭ ئۆزىدىكى خاتالىق ۋە دۆتلۈكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى تەن ئالمايدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ باشقا بىر سەۋەبچىسى بار دەپ قارايدۇ. قۇتقۇزغۇچىنىمۇ سىرتتىن كېلىدۇ دەپ قارايدۇ. رېئاللىق بەك رەھىمسىز ۋە سەت. مەسىلە ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى بەكمۇ ئازابلىق. ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا خام خىيال ئادەمنى شۇنداق شادلاندۇرىدۇ. ئۇنى بەكمۇ ئوڭاي چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ھۆرمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن سىز چوقۇم ئەتراپىتىكى ئادەملەرنىڭ خۇشاللىق مەنبەسىگە ئايلىنىشىڭىز كېرەك. شادلىق باشقىلارنىڭ خام خىيالىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. جاپالىق خىزمەت ئارقىلىق مۇھىتىڭىزنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ، دېگەن گەپكە زادى ئىشەنمەڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، خام خىيال تەنھا مەۋجۇت بولمايدۇ. ئۇ زېرىكىشلىك ئارقا كۆرۈنۈشكە موھتاج. رېئاللىقنىڭ مەجبۇرلىشى خام خىيالنى يىلتىز تارتقۇزىدۇ، گۈللىتىدۇ، ۋېنتسىيىلىكلەر ئۇمىدسىزلەنگەن



چاغدا، مەلۇم ئادەم ئالتۇن تاۋلاش تېخنىكىسى ھەققىدە خام خىيالدا بولغان. رېئاللىق شۇنچە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، بىر ئادەمنىڭ خىيالى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر بەختلىك خام خىيالغا غەرق بولغان. شەھەرنىڭ شان - شۆھرىتى بىر كېچىدىلا ئەسلىگە كەلگەن. تۇپا - تاش ئالتۇنغا ئايلانغان...

كىمكى ئېزىلگۈچىلەرنىڭ رېئاللىقىدا گۈزەل خام خىياللارنى توقۇپ چىقارسا تەسۋىرلىگۈسىز ھۆرمەتكە، ھوقۇققا، سۆيگۈگە ئېرىشىدۇ. شۇڭا سىز كۆپچىلىكنىڭ خام خىيالىنى قانداق كونترول قىلىشنى ئىزدەش بىلەن بىرگە ھەربىر كىشىنىڭ يەلكىسىنى بېسىۋالغان يۈكنىڭ ماھىيىتىنى ئىگىلىشىڭىز لازىم. ھەرگىز كىشىلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇشقا بولغان مەستانىلىقى تەرىپىدىن ئازماي، ئۇلارنى بېسىپ تۇرغان قىيىنچىلىقنىڭ يىلتىزىنى ئىزدەش كېرەك. سىز ئۇنى بايقىغان ھامان خاسىيەتلىك ئاچقۇچقا ئېرىشىسىز، ھەممە سىزنىڭ كونتروللۇقىڭىزغا ئۆتىدۇ.



## ئالىيجانابلىق ۋە پەسكەشلىك

پەسكەشلەر بارلىق ئالىيجانابلىق ۋە مەردلىك ھېسسىياتىنى قىلچە ئەھمىيەتسىز دەپ قارايدۇ. چۈنكى ئۇلار بۇ خىل ھېسسىياتقا ئىشەنمەيدۇ. ئۇلار كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ھېسسىيات ھەققىدىكى مۇھاكىمىلىرىنى ئاڭلىغاندا كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ «بەلكىم بۇ نەرسىلەرنىڭ ياخشى تەرىپى باردۇر، لېكىن مەن ھېس قىلالمىدىم. كىممۇ تامىنىڭ ئۇ يېقىدىكى نەرسىلەرنى كۆرەلەيدۇ» دېمەكچى بولۇشىدۇ. ئۇلار ئالىيجانابلار گويا بىر مەخپىي چىغىر يول ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشىۋاتقاندەك ئالىيجانابلاردىن گۇمانلىنىدۇ. ئۇلار ئالىيجانابلارنىڭ ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتەلمىگەنلىكىنى، ھېچقانداق پايدىغا ئېرىشمىگەنلىكىنى ئېنىق بىلىۋالغان چاغدا بولسا كالۋالار دەپ ئەيىبلەيدۇ، مەسخىرە قىلىپ شادلىنىدۇ. «بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇسال ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ نېمىشقا خۇشال بولالايدۇ. نېمىشقا ئۆزلىرىنىڭ پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ قارشىلىق بىلدۈرمەيدۇ. بۇ چوقۇم ئالىيجانابلارنىڭ ھېسسىياتىنىڭ بىنورماللىقىنىڭ نەتىجىسى» ئۇلار شۇنداق ئويلىشىدۇ ۋە ئالىيجانابلارغا مەنسىتمەسلىك



بىلەن قاراپ قويۇشىدۇ. ئۇلار بۇ ساراڭقىتىش كىشى-
لەرنىڭ مۇستەھكەم بىر ئىدىيىدىن ئېرىشكەن شادلى-
قىنى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ.

پەسكەشلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ئۆز مەنپەئەتىنىلا
ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى ئۆزىگە كېلىدىغان
پايدا ۋە مەنپەئەت. بۇ خىل ئىدىيە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى-
دىكى تەبىئىي تۇيغۇدىنمۇ كۈچلۈك. ئۇلار تەبىئىي
تۇيغۇنىڭ ئۆز ھېسسىياتىنى ئالداپ پايدىسى يوق
ئىشلارنى قىلىش تەرەپكە باشلاپ كېتىشىگە يول
قويمايدۇ. مانا بۇ، پەسكەشلەرنىڭ ئەقىل - پاراستى
ۋە ھېسسىياتى. پەسكەشلەرگە سېلىشتۇرغاندا ئا-
لىيجانابلارنىڭ قانلىرى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئا-
لىيجاناب، ئېسىل ئادەملەر، ئۆزىنى قۇربان قىلىش
روھىغا ئىگە كىشىلەر بولۇپ تەبىئىي تۇيغۇغا بوي-
سۇنىدۇ. ئۇلار ئەڭ ئېسىل پەيتلەردە تېخىمۇ جانلى-
نىپ كېتىدۇ. ھايۋانلار خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ
بالىلىرىنى قوغدايدۇ. ئۇلار كۆيلىگەن مەزگىلدە ھەتتا
جۈپتى ئۈچۈن ئۆلۈمگىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ. چۈنكى بۇ
چاغدا ئۇلار ئەقلىنى ۋاقتىنچە يوقىتىپ قويغان،
بارلىق شادلىقنى بالىلىرى ۋە جۈپتىدىن تېپىۋالغان
بولىدۇ. ئۇلار شادلىقنىڭ بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىشى-
دىن بەكمۇ ئەنسىرەيدۇ. ئۇلارنى بۇ چاغدا شادلىق ۋە
ئەنسىرەش پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغانلىقى ئۇ-



چۈن، ئادەتتىكى چاغلاردىكىگە قارىغاندا دۆتلىشىپ قالىدۇ. ئالىيجاناب ۋە ئېسىل ئادەملەرنىڭ ئىش-ھەرىكىتى دەل يۇقىرىقىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ھايۋانلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئادەتتە ئالىيجانابلارنىڭ شادلىق تۇيغۇسى ۋە غېمى كۆچەيگەن چاغدا، بەزىدە ئۇلارنىڭ ئەقلىي سۇكۇتكە چۆمسە، بەزىدە بۇ تۇيغۇلارغا بويسۇنىدۇ. ھېسسىيات پارتلىغان چاغدا، يۈرەك مېڭىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ ۋە دائىم تەرىپلەيدىغان «ئەسەبىيلىك» يۈز بېرىدۇ. (بەزىدە يۈز بېرىدىغان ئەھۋال ئەسەبىيلىكنىڭ ئەكسىچە بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئادەم قولىنى فېنتانانىڭ يۈرىكى ئۈستىگە قويۇپ باققان، فېنتانا: «نېمىنى سېزىۋاتىسەن؟ مېنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسەم مېڭەمدۇر» دېگەن.) بۇ دەل ئەقلىدىن تاشقىرى ئەسەبىيلىكتۇر. پەسكەشلەر ئالىيجانابلارنىڭ بۇ خىل «ئەسەبىيلىكى»نى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇلار بۇ خىل تۇيغۇنى ئوبيېكتىپقا خاس تۇيغۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇيىچە ئوبيېكتىپنىڭ زادى قىممىتى يوق. ئۇلار ئاچ-توقلۇق تۇيغۇسىغا بەند بولۇپ قالغان كىشىلەرگە قاراپ غەزەپلىنىدۇ، لېكىن ئۇلار ئادەمنى ياۋۇزلاشتۇرۇپ تاشلايدىغان ئاچلىقتىن كېلىپ چىققان ئىنتىلىشنىڭ قانداق تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ چۈشەنمەيدىغان



تەرىپى شۇكى، كىشىلەر نېمە ئۈچۈن بىلىم دۇنياسىغا مەنسۇپ ئەسەبىيلىك سەۋەبىدىن ساغلاملىق ۋە شان - شۆھرەتنى ئويۇن قاتارىدا كۆرىدۇ؟

ئالىيجاناب كىشىلەر ئالاھىدە شەيئىلەرگە قىزىقىدۇ، شۇنداقلا باشقىلار سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتقان شەيئىلەرگىمۇ قىزىقىدۇ. ئۇلارنىڭ قىممەت ئۆلچىمى ئالاھىدە. لېكىن ئۇلار كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزلىرىنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشى ئىچىگە شەخسنىڭ ئالاھىدە قىممەت ئۆلچىمى ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن ئەمەس دەپ قارايدۇ، ئۇلارچە ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى ئومۇملاشقان قىممەت قاراشلىرىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدۇ. بۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ قىممەت ئۆلچىمى رېئاللىقتىن ھالقىپ كەتكەن، چۈشەنمەك تەس ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان. لېكىن ئادەمنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى، ئۇلار كىشىلەرگە يېتەرلىك ئەقىل بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇلارنى چۈشىنىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەسەبىيلىكىنى ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىدە بار ئەسەبىيلىك، كىشىلەر ھاياتتا مۇشۇنداق قىزغىن ۋە مۇنازىرىسىز ئەقىدىلەر ئىچىدە ياشايدۇ دەپ قارايدۇ.

شۇڭا بۇنداق ئالاھىدە كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئالاھىدە تەرىپىنى ھېس قىلالمىغان يەردە، پەسكەشلەرنىڭ قىلىقىنى قانداق چۈشىنەلىسۇن! دۇنيادىكى ئادەتتىكى قانۇنىيەتلەرنىڭ تېگىگە قانداق يېتەلىسۇن! شۇڭا



ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ نادانلىقى، ھەمدەم خىياللىقى ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشىدۇ، ئۇلار ھەيران قالغان ھالدا دۇنيا نېمانچە قالايمىقان بولۇپ كەتكەندۇ، نېمىشقا ئۇلار قىلماقچى بولغان ئىشلارغا ئىشەنمەيدىغاندۇ دەپ ئويلىشىدۇ، شۇڭا بۇنداق ئىشلار ئالىيجانابلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بىنورمال ئىشلار قاتارىغا كىرىدۇ.



## بىزنىڭ پارتلىشىمىز

ئىنسان ناھايىتى بالدۇرلا نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئىگە بولغان، لېكىن ئۇلار بەك ئاجىز، بىخلىنىش ھالىتىدە تۇرغاچقا ھېچكىم سەزمىگەن. نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتتى، ھەتتا بىرنەچچە ئەسىر ئۆتكەن بولۇشى مۇمكىن، بۇ نەرسىلەر تۇيۇقسىز ئالدىمىزدا پەيدا بولدى، بۇ چاغدا ئۇلار كۈچەيگەن، پىشىپ يېتىلگەن ئىدى.

بەزى دەۋرلەردە بەزى كىشىلەر يا مۇنداق، يا ئۇنداق ئىقتىدار ۋە ئەخلاققا ئىگە بولالمايدۇ، لېكىن بىر كۈنلەر كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئەينى چاغدا ئەجدادلار بىلمەي ئۆتۈپ كەتكەن بەزى يۈرەك سىرلىرىنى ئاشكارىلايدۇ. بۇنداق بالىنىڭ دادىغا قىلغان ئاسىيلىقى دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بالىنىڭ بالىسى بولغاندىن كېيىن ئۆزىگە بولغان تونۇشى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ.

بىزنىڭ قەلبىمىزگە باغلار، ئۆسۈملۈكلەر يوشۇرۇنغان. يەنە تەمسىل قىلساق، ھەممىمىز پارتلاش ئالدىدا تۇرغان يانار تاغ. لېكىن بۇ تاغ قاچان پارتلايدۇ، بۇ سىرنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.



# كۈچ ئىگى

كىشىلەرنىڭ ياخشىلىق ۋە يامانلىق قىلىشتىكى مەقسىتى باشقىلارغا كۈچ ئارقىلىق تەسىر قىلىشتۇر.

يامانلىق قىلىشتىكى مەقسىتى ئۇلارنى ئازابلاندۇرۇپ قۇدرىتىمىزنى ھېس قىلدۇرۇش. سەۋەبى، كىشىلەر خۇشاللىقتا قارىغاندا ئازابنى تېز سېزىدۇ. شادلانغاندا شۇ ھالەتنى ساقلاپ قېلىشنى خالايدۇ، لېكىن ئۆتمۈشكە نەزەر تاشلاشقا رازىلىقى يوق. بىزگە بېقىنىدىغانلارغا ياخشىلىق قىلىمىز (ئۇلار بىزنى بەختىيارلىقنىڭ مەنبەسى دەپ سېغىنىپ تۇرىدۇ.) ئۇلارنى كۈچەيتىمىز، بۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنى كۈچەيتىمىز، ياكى ئۇلارغا بىزنىڭ تەسىر دائىرىمىزدە تۇرسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىمىز، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن تېخىمۇ رازى بولىدۇ، بىزگە قارشى تۇرغانلارغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ، ئۇلارنى دۈشمىنى ھېسابلايدۇ.

مەيلى ياخشىلىق قىلايلى ياكى يامانلىق، مەيلى قانداق قۇربان بەرمەيلى، ھېچنېمە بىز قوغلاشقان ئاخىرقى مەقسەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ، بۇ مەقسەت ئۈچۈن قۇربان بېرىش، دىن ئۈچۈن قۇربان



بەرگەنگە ئوخشاش ئىش، ماھىيەتتە ئۇ غايە، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئېرىشىش غايىسى ئۈچۈن قۇربان بېرىش ياكى كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى قوغداش ئۈچۈن قۇربان بېرىشتۇر. ئۆزى ھەقىقەتكە ئېرىشتىم دەپ قارىغۇچى ھەرگىز ئولجىسىنىڭ قېچىپ كېتىشىگە يول قويمايدۇ، مەقسەت مۇشۇنداق تۇيغۇنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈندۇر! شۇڭا ئۆزىنى ھەقىقەتكە ئېرىشەلمىگەنلەردىن ئۈستۈن قويۇش، ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرۇش ئۈچۈن ئۇ ھېچنېمىدىن ۋاز كەچمەيدۇ.

ئەلۋەتتە، يامانلىق قىلغاندىكى ھالىتىمىز ياخشىلىق قىلغان چاغدىكىدەك كۆڭۈللۈك بولمايدۇ، بۇنىڭدىن كۈچىمىزنىڭ يېتەرلىك ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، بۇ يېتەرسىزلىكتىن زېرىكىپ تۇرىمىز، بۇ خىل ھالەت، مەۋجۇت كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تەھدىت، خاتىرجەمسىزلىك پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ قىساس ئېلىش، مازاق قىلىش، جازالاش، مەغلۇبىيەتلەر ئىستىقبالىمىزنى خىرەلەشتۈرۈپ قويىدۇ. پەقەت ئاشۇ كۈچ ـ قۇۋۋەت ئېڭىغا قىزىقىدىغان ۋە ئەڭ كۈچلۈك تەلپۈنىدىغان سەرخىللارلا قارشىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆز كۈچىنىڭ تامغىسىنى بېسىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا بويسۇنغان كىشىلەردىن (ئۇلارنىڭ ياخشىلىق قىلىش ئوبيېكتى) بىزار بولۇشقا باشلايدۇ.



ھالقىلىق مەسىلە، كىشىلەر ئۆز تۇرمۇشىنىڭ تەمىنى قانداق قىلىپ تەڭشەۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭ تەلەپپۇزى قانداق، ئۇ كۈچ - قۇدرەتكە ئالدىرىماي ئېرىشىش كۆيىدىمۇ ياكى تۇيۇقسىز ئېرىشىش كويىدىمۇ؟ تەۋەككۈل قىلامدۇ ياكى سالماق قەدەملەر بىلەن ئالغا باسامدۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىش. كىشىلەر ھامان خاراكتېرىگە ئاساسەن تەڭشىگۈچ ئىمزدەيدۇ. مەغرۇر، ئىرادىلىك كىشىلەر ئوڭايلا كېلىپ قالغان غەنىيمەتكە پەرۋا قىلمايدۇ، ئۇلارنى قىزىقتۇرىدىغىنى دۈشمەن بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغان قەيسەر كىشىلەر ۋە بويسۇندۇرماق تەس نەرسىلەر. ئۇلار ئازابتا قالغان كىشىلەرنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇلارنى كۈچ سەرپ قىلىشقا. بويسۇندۇرۇشقا ئەرزىمەيدۇ دەپ قارايدۇ، بۇلارغا ئوخشىمايدىغان كىشىلەرنى ۋاقتى كەلسە، ئۇلار بىلەن شانلىق بىر جەڭدىكى رەقىبلەر بولۇپ قالارمىزمۇ، دەپ ئويلاپ ھۆرمەت قىلىدۇ. بۇنداق ئاق كۆڭۈللۈك چەۋەندازلار ئارىسىدا ئارتۇقچە تەكەللۇپنى بارلىققا كەلتۈرگەن. پەقەت غۇرۇرسىز، باشقىلارنى بويسۇندۇرالمايدىغان كىشىلەر ھېسداشلىقنى ئەڭ ياخشى ھېسسىيات دەپ بىلىدۇ، ئوڭاي قولغا كەلگەن غەنىيمەتتىن شادلىنىپ نېمە قىلارنى بىلمەي قالىدۇ، ئازابلانغۇچىلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق، شۇڭا مەلۇم ئادەم ھېسداشلىقنى جالاپنىڭ گۈزەل ئەخلاقى دەپ مەدھىيىلىگەن.



## مۇھەببەت دېگەن نېمە؟

ئاچكۆزلۈك ۋە مۇھەببەت دېگەن بۇ ئىككى ئاتالغۇغا بولغان تەسىراتىمىز نېمىدېگەن ئوخشاشمىغان، لېكىن بۇ ئىككى سۆز ئوخشاش ئارزۇنىڭ ئىككى خىل ئىپادىلىنىشى، خالاس.

بىرىنچى خىل قاراش ئىگە بولۇپ بولغۇچىلارنىڭ مەيدانىنى چىقىش قىلىپ ئىپادىلىگەن، ئۇلارچە ئۈمىد ـ ئارزۇ بىر خىل تورغۇن ھالەت، ئۇ پەقەت «ئىگىلەنگۈچى»دىن ئەندىشە قىلىدۇ، يەنە بىر خىل قاراش ئاچكۆزلۈكتىن تويماس ھالەتكە كېلىپ قالغان ئىنتىلگۈچىنىڭ مەيدانىنى چىقىش قىلىپ ئىپادىلىگەن، شۇڭا ئۇنى گۈزەللەشتۈرۈپ «ياخشى» دەپ ئاتاشقان. بىزنىڭ سۆيگۈمىز ئەجەبا يېڭى مۈلۈككە بولغان ئىنتىلىش ئەمەسمۇ؟ ئوخشاشلا بىلىم، ھەقىقەت ۋە يېڭى شەيئىلەرگە بولغان ئىنتىلىشىمىز ھەم ئوخشاش بىر تۇيغۇ ئەمەسمۇ؟

بىز كونا نەرسىلەردىن، ئىگىلىنىپ كەتكەن نەرسىلەردىن بىزار بولغاچقا، يېڭى نەرسىلەرگە قول سوزىمىز. ئەڭ گۈزەل ئايدا ئۈچ ئاي تۇرساقلا زېرىكىمىز، ئەمما يىراقتىكى بىر دېڭىز ساھىلى ئاچكۆزلۈكىمىزنى قوزغايدۇ. ئىگىلىنىپ كەتكەن نەرسە



ئىگىلىنىپ كەتكەچكە ئازلاپ كېتىدۇ. ئۆزىمىزگە بولغان قىزىقىشىمۇ بەدىنىمىزدىكى ھەر خىل ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن ساقلىنىپ تۇرىدۇ، بۇمۇ ئىگىلىنىپ كېتىش. بىز ئىگىلەنگەن نەرسىدىن زېرىكسەك دەرھال ئۆزىمىزدىن زېرىكىمىز (ئادەم ئىگىلىگەن نەرسىنىڭ بەك كۆپلۈكىدىن ئازابلىنىشى، ئۇلارنى تاشلىۋېتىپ ياكى باشقىلارغا بېرىۋېتىپ «سۆيگۈ» دېگەن تاجنى كىيىشى مۇمكىن). كىشىلەرنىڭ ئازابتا قالغىنىنى كۆرسەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلار ئىگىلىۋالغان نەرسىلەرنى ئېلىۋالىمىز، مەسىلەن، ساخاۋەتچى بىلەن ھېسداشلىق قىلغۇچىغا ئوخشاش، بۇ كىشىلەر يېڭى نەرسىگە ئېرىشىش ئازۇرسىنى سۆيگۈ دەپ ئاتايدۇ، ئۇلارنىڭ شاد - خۇرام كەيپىياتى ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ بىر قېتىملىق ئۆزگىچە قول پۇلاڭلىتىپ كەلگەن بويسۇندۇرۇش جېڭىگە قاتنىشىش تۇيغۇسىدۇر.

ھەرخىل دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ سۆيگۈ - مۇھەببىتى ئىگىلەشكە بولغان ئىنتىلىشىدە ئوچۇق ئىپادىلەندى. يىگىت ھامان ئېرىشمەكچى بولغان قىزنى مۇتلەق ئىگىلىسەم دەپ ئويلايدۇ، ھەتتا قىزنىڭ روھى ۋە تېنىگە مۇتلەق دەرىجىدە ئىگىدارچىلىق قىلسام دەپ تەلپۈنىدۇ، ئۇ قىزنىڭ قەلبىدىن ئادەم زوقلانغۇدەك چەكسىز يۇقىرى دەرىجىدە ئورۇن ئالسام



دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. بۇنداق قىلىش ماھىيەتتە بارلىق
كىشىلەرنى ئەڭ قىممەتلىك گۈزەللىك، بەخت،
شاد - خۇراملىق سىرتىدا قالدۇرۇشتۇر. بۇ ئاشىق
باشقا رەقىبلىرىنى تەلتۆكۈس يېڭىپ، ئۆزىنى يىگانە
خوجايىنغا ئايلاندۇرىدۇ، بويسۇندۇرغۇچى ۋە شىلىپ
ئالغۇچىلار قوشۇنىدا شەخسىيەتچىلىكتە چېكىگە
يەتكەن ئادەمگە ئايلىنىدۇ، باشقىلار ئۇنىڭ نەزىرىدە بار
بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ،
ئۇ ھەرقاچان قۇربانلىق قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ، تەر-
تىپنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ، ھېچكىمنىڭ مەنپەئەتىگە
كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. بۇلارنى ئويلىغان كىشىلەر ئىخ-
تىيارسىز غەلىتىلىك ھېس قىلىدۇ، بۇ خىل غال-
جىرانە جىنسىي مۇھەببەت ئاچكۆزلۈك، شەخسىيەت-
چىلىك تارىختا گۈزەللەشتۈرۈلدى، ئۇلۇغلاندى.
كىشىلەرنىڭ بۇخىل ھالەتتىن ئالغان سۆيگۈ ھەققى-
دىكى چۈشەنچىسى مۇنداق بولدى: سۆيگۈ بىلەن
شەخسىيەتچىلىك قارىمۇ قارشى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە
سۆيگۈ شەخسىيەتچىلىكنىڭ يەنە بىر ئاتالغۇسىدۇر.
ھېچنېمىسى يوق ئادەملەر بىلەن ئىگە بولۇشقا ئىن-
تىلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ بۇ قاراشقا نىسبەتەن باشقا
پىكرى يوق. لېكىن يۇنانلىق سوفۇكلېسقا ئوخشاش
نۇرغۇن ئادەملەر تەرىپىدىن سۆيۈلگەن كىشىلەرنىڭ،
سۆيگۈ جەھەتتە نۇرغۇن ئۇلجىلارغا ئېرىشىپ قانا-



ئەتلەنگەن كىشىلەرنىڭ باشقىچە پىكرى يوقمۇ ئەمەس. سوفوكلېس سۆيگۈنى «غالجىرلاشقان ئالۋاستى» دېيىشتىن خالىي بولالمىغان، لېكىن سۆيگۈ ئىلاھى ئېروس بۇنداق كىشىلەرنى قەدەمدە بىر مەسخىرە قىلىپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە سوفوكلېسقا ئوخشاش كىشىلەر سۆيگۈ ئىلاھىنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىقلىرى، خالاس.

ئەلۋەتتە، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە سۆيگۈنىڭ داۋامى مەۋجۇت. بۇنداق داۋاملىشىشتا ئىككى ئادەمنىڭ ئارزۇسى يېڭى بىر ئارزۇغا، يېڭى يۈكسەك نىشانغا ئايلىنىپ ئۇلارنىڭ غايىسى بولۇپ قالىدۇ. بىراق، كىم بۇنداق سۆيگۈگە تونۇشىراق؟ كىم بۇنداق سۆيگۈنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ خىل سۆيگۈنىڭ توغرا ئاتىلىشى دوستلۇقتۇر.



# يىراقنى كۆرۈش

بۇ تاغ ئەتراپىتىكى رايونلارغا تەڭداشسىز ھۆسن ئاتا قىلىپ، ئۆز ئەتراپىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇردى. بىز مۇشۇنداق گەپنى يۈز قېتىم تەكرارلىساق سوغۇققانلىقىمىز يوقىلىدۇ ۋە تاغقا بولغان ھاياجىنىمىز جۇش ئۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ تاغ گۈزەللىك ئاتا قىلىپ، بۇ رايوننىڭ جەلپكارلىقىنى ئاشۇرغۇچى دەپ ئىشىنىپ قالىمىز، ئاخىر بۇ تاغقا چىقىمىز. تاغقا چىققاندىن كېيىن تاغ ۋە تاغ ئېتىكىدىكى گۈزەل مەنزىرىنىڭ ئەمدىلىكتە جەلپكارلىقىنى يوقاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

ئەمەلىيەتتە بىز مۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئۇنتۇپ قالغان: نۇرغۇن ئۇلۇغلۇق، گۈزەللىكلەرگە مەلۇم ئارىلىق قويۇپ قارىساق، ئاندىن ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئۆز كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ. بەلكىم سىز يېقىندىن ناھايىتى تونۇش بولغان بىرەيلەن ھامان باشقىلارنىڭ ئۆزىگە يىراق نەزەر سېلىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇ جەلپكارلىقىنى ساقلاپ قالالايدۇ ۋە باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئۆزىنى بەكمۇ ئاشكارىلاش زادى بولمايدىغان ئىش.



# چىغىر يولدىن ئۆتۈش

ئۆزىنى ئىپادىلەشتىن خىجىل بولىدىغان كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقاندا چوقۇم دۆت قىياپەتكە كىرىۋېلىش كېرەك. ئۇلار ئۆزىنىڭ مەلۇم تۇيغۇسىنى باشقىلارنىڭ بىلىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن قانداقتۇر مەخپىيىتى ئاشكارا بولۇپ قالغاندەك باشقىلارغا نەپرەتلىنىپ يۈرىدۇ. ناۋادا بۇ چاغدا ئۇلارغا دوستلۇقىڭىزنى بىلدۈرمەكچى بولسىڭىز ئەڭ ياخشى ئامال ئۇلارنى كۈلدۈرۈش ياكى ئادەمنى سوغۇققان ھالەتكە كەلتۈرىدىغان قىزىقارلىق سۆزنى قىلىش، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كەيپىياتى باشقىدىن سۇۋۇپ ئەسلىگە كېلىدۇ.

بۇ ھېكايىدا قانداق ئىبرەتلىك مەنە بار؟ تۇرمۇشتا ئىككىمىز شۇنچىلىك يېقىن دوست، بىزنىڭ ياخشى نىيىتىمىز ۋە بۇرادەرلىك تۇيغۇمىزغا توسقۇنلۇق قىلالىغۇدەك ھېچنېمە يوق، لېكىن ئوتتۇرىمىزنى بىر چىغىر يول ئايرىپ تۇرىدۇ. بۇ يولدىن ئۆتكەندە مەن سورايمەن: «سەن يېنىمغا كەلمەكچىمۇ؟» شۇنىڭ بىلەن سەن كەلمەيسەن، مەن يەنە سورىسام سۈكۈتكە چۆمىسەن. شۇ چاغدىن باشلاپ ئوتتۇرىمىزدا ئېگىز تاغ، جىددىي ئېقىنلار پەيدا بولۇپ بىزنى



ئايرىپ تاشلايدۇ. قايتىدىن بېرىش - كېلىش قىلايلى دېسەكمۇ ئامالىمىز قالمايدۇ. دەل شۇ چاغدا، سەن ھېلىقى چىغىر يولنى ئەسلەيسەن ۋە گەپ قىلماي يىغلاشقا باشلايسەن، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىسەن!



# نامراتلارنى ئىلھاملاندۇرۇش

بىز ئەلۋەتتە مەلۇم سىپھىرلىك ۋاستە بىلەن نامراتلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى بايلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىغا ئايلاندۇرۇپ قويالمايمىز، لېكىن نامراتلىقنى بىر خىل گۈزەل مۇقەررەرلىك دەپ ئىزاھلىيالايمىز. شۇنداق قىلساق نامرات تۇرقىمىز بىزنى قايتا ئازابلىمايدۇ، نامراتلىق سەۋەبىدىن تەقدىرگە ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن قارىمايمىز.

پاراسەتلىك باغۋەن دەل مۇشۇنداق قىلىدۇ. ئۇ بېغىدىكى سوغۇلۇپ قالغان ئېرىقنىڭ سۈيىنى بۇلاق ئىلاھى ھەيكىلىنىڭ قولىغا باشلاپ كىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن نامراتلىق بىر خىل زوقلىنىشقا ئايلىنىدۇ. ئويلاپ بېقىڭلار. ئەمدى كىممۇ شۇ سۇ ئىلاھىنىڭ ھەيكىلىگە تەلپۈنمىسۇن؟



## رەزىللىك

پادىشاھلار ئەڭ مۇنەۋۋەر، تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك مىللەتنى باھالىغاندا ئىختىيارسىز سوراپ سالدى:

—كۆككە مەغرۇر بوي سوزغان بىر تۈپ دەرەخ بوران- چاپقۇننىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلەمدۇ؟ تاشقى پايدىسىز ئامىللار ۋە ئۇلارنىڭ توسقۇنلۇقىدىن ساقلىنالامدۇ؟ ھەرخىل شەكىلدىكى نەپرەت، قىزغىنىش، كەمسىتىش، گۇمان، قەبىھلىك، ئاچ كۆزلۈك، زوراۋانلىق —بۇ نەرسىلەرسىز ئەخلاق دائىرىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن ئەمەس—قاتارلىقلار پايدىلىق ئۆسۈش مۇھىتىدىن چەتتە قويالامدۇ؟

زەھەر ئاجىزلارنى گۇمران قىلسا، كۈچلۈكلەرگە پايدا قىلىدۇ. كۈچلۈكلەر ئۇنى ھەرگىز زەھەر دەپ ئاتىمايدۇ.



## ئەخمىقانە قەدىر - قىممەت

نەچچە مىڭ يىللاردىن ئۆتكەن ئەسىرگىچە ئىنسانىنىڭ ھەرىكەتلىرىدە يۈكسەك دەرىجىدىكى ئەقىل ئاشكارا بولدى. لېكىن ئەقىل شۇنىڭدىن كېيىن قەدىر - قىممىتىدىن ئايرىلىپ قالدى. ئادەمنىڭ ئەقىللىق بولۇشى زۆرۈر بولسىمۇ، لېكىن ئادەتتىكى ئىش دەپ قارىلىپ، بىر خىل ئادەمنى بىزار قىلىدىغان يۈزلىنىش بۇ خىل مۇقەررەرلىكنى رەزىللىك دەپ قارايدىغان بولدى. خۇددى ھەقىقەت بىلەن پەننىڭ مۇستەبىتلىكى يالغاننىڭ قىممىتىنى ئۆستۈرۈۋەتكەندەك ئەقىلنىڭ مۇستەبىتلىكى بىر خىل يېڭىچە ئالىيجاناب تونۇشنى مەيدانغا چىقاردى.

بۇ بەلكىم «ئالىيجانابلىق كالۋالىق» دېگەنلىكتۇر.



# چىرىكلىكنىڭ بېشارىتى

كىشىلەرنىڭ قارىشىچە جەمئىيەتتە چوقۇم يۈز بېرىدىغان چىرىكلىك ھادىسىسىنىڭ بېشارەتلىرى تۆۋەندىكىچە بولىدىكەن:

بىرىنچى، مەلۇم جايدا چىرىكلىك پەيدا بولسا، شۇ يەرنى ھەر خىل شەكىلدىكى غەيرىي ئەقىدە ۋە ئاداۋەت قاپلاپ كېتىدۇ، مىللەتنىڭ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن پۈتكۈل ئېتىقادى كۆچىدىن قالىدۇ. ئاداۋەت بىر خىل پەس ئەركىنلىك ئىدىيىسى بولۇپ، كىمكى ئاداۋەتلىك بولۇپ قالىدىكەن ئۆزى ئېتىراپ قىلغان شەكىل ۋە ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ ئىش قىلىدۇ. ئۆزىگە - ئۆزى تاللاش ھوقۇقى بېرىدۇ. ئېتىقادلىق ئادەملەرگە قارىغاندا ئاداۋەتلىك ئادەملەر «خاراكتېر» جەھەتتە ئالىي مۇقاملىق بولۇپ، ئاداۋەتلىك جەمئىيەت ماھىيەتتە بىر خىل ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە نۇرغۇن شەخسلەردىن تەركىب تاپقان، ئالاھىدە ئىشلارغا قىزىقىدىغان جەمئىيەتتۇر. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئاداۋەت ئېتىقادقا قارىغاندا ھامان بىر قەدەم ئىلگىرى تۇرىدۇ. ئاداۋەتلىك جەمئىيەت كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئازاد بولغان، كىشىلەر ئىدىيىۋى



ئازادلىق ھوقۇقى تەلەپ قىلىنۋاتقان جەمئىيەتتۇر. قەدىمىي دىنلارغا تەلپۈنىدىغان كىشىلەرمۇ چىرىكلىكنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلار نۇرغۇن كۆزقاراشلارنى ئىلان قىلىپ، ئەڭ ئەركىن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئاداۋىتىگە زەربە بەردى. ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك، ئاداۋەت «ئويغىتىش»نىڭ بېشارىتىدۇر.

ئىككىنچى، كىشىلەر ئىجتىمائىي تەرەققىياتتىكى چېكىنىش تۈپەيلىدىن چىرىك جەمئىيەتنى ئەيىبلەيدۇ. بۇنداق جەمئىيەتتە كىشىلەر ئۇرۇشقا قىزىقمايدۇ. ئۇرۇشنى مەدھىيىلىمەيدۇ. كىشىلەر ئەينى دەۋردىكى چەۋەندازلارغا، تەنتەربىيىچىلەرگە ئوخشاش نام چىقىرىشنى ئويلايدۇ. راھەت قوغلىشىدۇ. لېكىن كىشىلەر ئاشۇ قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ ئۇرۇش ۋە تەنتەربىيىدىكى شانلىق تەرەققىياتى ۋە ھاياجىنىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈنلەي تۈگەپ، شەخسنىڭ ھاياجىنى بولۇپ قالغانلىقىدەك رېئاللىقنى ئېتىبارسىز قارىشىدۇ. ئەلۋەتتە، بىر مىللەتنىڭ چىرىك جەمئىيەتتە ئۇپراتقان زېھنىي كۈچى ھەرقانداق دەۋرگە قارىغاندا جىق بولىدۇ، شەخسمۇ بۇ ئەھۋالدىن مۇستەسنا ئەمەس. بۇنداق ئەھۋال دەسلەپتە شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ بەك بېيىپ كەتمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن ئاجىزراق بولىدۇ. خاراب بولغان جەمئىيەتتە تراگېدىيە تەكرار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مۇقەددەس سۆيگۈ ـ نەپرەت ئوتتۇرىسىدىكى



زىددىيەت توختىماي تەكرارلىنىدۇ. ئىلىم ئۇچقۇنى خۇداغا قاراپ بوي سوزىدۇ.

ئۈچىنچى، كىشىلەر گويا ئاداۋەتنى، زاۋاللىققا يۈزلىنىشنى ئەيىبلەۋاتقانلارغا چىرىك دەۋر ھەققىدە «بۇ نىسبەتەن ئازادە ۋە مۇھەببەتلىك دەۋر، ئۆتمۈشتىكى ئىشەنچكە ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە تولغان دەۋرلەرگە قارىغاندا نىسبەتەن قەبىھ ئەمەس دەۋر» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشىدۇ. مانا بۇ مەدھىيىگە قوشۇلمايمەن، ئۇنداق ئەيىبلەشكىمۇ قارشى تۇرىمەن، ئىقرار قىلىمەن، ھازىر جەمئىيەتنىڭ قەبىھلىكى كۆپ سىپايىلاشتۇرۇۋېتىلدى، ئۇنىڭ قەدىمىي شەكلى ھازىر ئېقىمغا ماس كەلمەيدۇ، ھازىر كىشىلەر تىل ۋە قاراپ قويۇش ئارقىلىق ئازاب ۋە زىيانكەشلىكنى ھەقدادىغا يەتكۈزۈۋاتىدۇ، رەزىللىك ئارقىلىق شادلىنىش ھازىر ئىجاد قىلىنغان ئۇسۇل. چىرىك كىشىلەر ناھايىتى قىزىقچى ھەم تۆھمەتكە ئامراق. ئۇلار خەنجەر ۋە تۇيۇقسىز ھۇجۇمسىزمۇ قاتىللىق قىلالايدۇ، كىشىلەرنىڭ ھەممە ئىشنى سۆزلىشىپ ھەل قىلغىلى بولىدۇ، دېگەن زاكونغا ئىشىنىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

تۆتىنچى، ئەخلاق چىرىكلەشكەندە ئەڭ ئاۋۋال كىشىلەر «زوراۋان» دەپ ئاتايدىغان كىشىلەر پەيدا بولىدۇ، ئۇلار بايراقدارلار، بۇرۇن پىششىپ يېتىلگەن ئەڭ نوچى كىشىلەردۇر، پەقەت ئازراق تەخىر قىلسىلا بۇ



مېۋىنىڭ ھوسۇللىرى مىللەت ئورنىدا پىشىپ ۋايىغا يېتىدۇ. ئورمان بەرپا قىلىشنىڭ مەقسىتى مېۋە ئې-لىشقۇ! .

چىرىكلىك چەككە يېتىپ ھەر خىل شەكىلدىكى زوراۋانلار ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلىغاندا، چوقۇم قەيسەر كەبى بىر زوراۋان ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەممىنى ئوڭ-شايدۇ، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى تالىشىپ ھالىدىن كەتكەن بۇ بىر مەيدان ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ، ئۇ باشقىلار «ھالىدىن كەتكەن» بۇ پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىدۇ. قەيسەرنىڭ دەۋرىدە مەدەنىيەت ئالاھىدە گۈللەنگەن بولغاچقا، ئادەملەرنىڭ خاراكتېرى بەكمۇ پىشىپ يېتىلگەن. گەرچە كىشىلەر «بۇ قەيسەرنىڭ شاپائىتى» دەپ قەيسەرگە تۆھمەت قىلىشسىمۇ، بۇ ھەرگىز قەيسەر پەيدا قىلغان ئىش ئەمەس. ئەمەلى-يەتتە شۇ دەۋردە كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتى ناھايىتى قالايمىقان بولغان. سىرتقى خاتىرجەملىككە ئىنتىزار بولۇشقان. مۇشۇنداق دەۋردە پارىخورلۇق ۋە خائىنلىق ئەۋج ئالغان، يېڭىلا بايقالغان «ئۆزلۈك» سۆيگۈسى قەدىمىي لېكىن خاراب بولغان «ۋەتەن» سۆيگۈسىدىن كۈچلۈك كەلگەن. تۇراقسىز دەۋردىكى مۇقىملىققا ئېرىشىش ئېھتىياجى ئالىيجانابلارنىڭ پۇلدار، كۈچ-لۈكلەرنىڭ ئالتۇننى قوبۇل قىلىشىغا تۈرتكە بولغان . لېكىن ھازىر كىشىلەرنىڭ كەلگۈسى بىلەن كارى



يوق. ئۇلار بۇگۈن ئۈچۈنلا ياشايدۇ. بۇ خىل پسىخىكا ئالدامچىلارنىڭ «ھۈنەر» قىلىدىغان جەننىتىگە ئايلىنىپ قالغان. كىشىلەر بۇگۈن ئۈچۈن ئالدىنىپ ياكى كەلگۈسىنى ئەخلاقا قالدۇرۇشقان. كۆپچىلىككە مەلۇم، بىر ئۆزىگىلا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتكە ھۆكۈمرانلاردىن بەكرەك قىزىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە قىلچە تەييارلىقى يوق. ئۇلار ھوقۇقدارلار بىلەن بىرلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۆزىنىڭ مەسىلە ھەل قىلىش، ئەھۋال ئۇقۇشۇش ئىقتىدارىغا ئىشىنىدۇ. لېكىن بۇ خىل ئىقتىدار ئادەتتىكى ئادەملەر ئارىسىدا بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدۇ. مۇستەبىتلەر ياكى قەيسەر شەخسنىڭ ھوقۇقى ۋە قانۇنسىز قىلمىشلىرىنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدۇ، ئۇلار بىر باتۇرنىڭ شەخسىي ئەخلاقى ئۈچۈن ۋەز ئېيتىش ۋە ياردەم قىلىشقا تەييار، مۇستەبىت يەنى ناپالېئون بىر مەشھۇر نۇتقىدا «كىشىلەرنىڭ ماڭا بولغان بارلىق ئەيىبلىشىگە، مانا مەن شۇ دېگەن سۆز بىلەن جاۋاب بېرىشكە ھوقۇقلۇقمەن. مەن ھېچكىمنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرىمايدىغان، ھەممىدىن ئۈستۈن ئادەم. كىشىلەرنىڭ ماڭا بويسۇنۇشىنى تەلەپ قىلىمەن. كىشىلەر ھېچقانداق كۈچىمەي خىيالىمنى تاپالايدۇ. مەن ئۇ خىل ياكى بۇ خىل كۆڭۈل ئېچىش پەيتلىرىدىكى خىيالىمغا كۆ-



ئۇل بولمەن» دېگەن. ئۇ بىر قېتىم خوتۇنىغا، ئېرىڭنىڭ نىكاھقا بولغان سادىقلىقىغا گۇمان قىلىش ھەققىڭ بار، دېگەن.

چىرىك دەۋر، ئالما دەرەختىن تۆكۈلۈپ كېتىدىغان دەۋر. مەن دەۋاتقان ئالما كەلگۈسىنىڭ تېرىقچىسى، روھ زېمىنىنىڭ ئاچقۇچىسى، دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئاقسىنىڭ يېڭى شەكلىنىڭ تۇنجى قورغۇچىسى ئادەمنى كۆرستىدۇ. چىرىكلىك پەقەت بىر مىللەتنىڭ كۆزلۈك ھوسۇل ۋاقتىدىكى تىللانغان نامى، خالاس.



## كەمچىل بولۇۋاتقان ئالىيجاناب تۇرق

ئەسكەر بىلەن ئوفىتسېرنىڭ مۇناسىۋىتى ئىشچى بىلەن ياللىغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، نەتىجىگە ئېرىشكەن ھەربىي مەدەنىيەت ئەڭ بولمىغاندا، ھازىرقى سانائەت مەدەنىيىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. سانائەت مەدەنىيىتى تارىختىن بۇرۇنقى ئەڭ رەزىل مەۋجۇت ھالەتتۇر.

بۇ يەردە رول ئوينىغان نەرسە- يەنىلا تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلاش قانۇنىيىتىدۇر. كىشىلەر تۇرمۇش ئۈچۈن ئۆزىنى سېتىشقا مەجبۇر. لېكىن كىشىلەر خەتەرلىك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پايدا ئالىدىغان ئادەمنى مەنسىتمەيدۇ. غەلىتە يېرى قورقۇنچلۇق كۈچ ئىگىلىرىگە، زوراۋان ۋە ھەربىي رەھبەرلەرگە بويسۇنىدىغان ئادەملەر، نامى يوق، ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان ئادەملەرگە بويسۇنىدىغان ئادەملەرگە ئوخشىمايدۇ. سانائەت ساھەسىدىكى گېگانتلاردەك ئازابلانمايدۇ. ئىشچىلار ياللىغۇچىنى ئالدامچى، قان شورىغۇچى پارازىت دەپ قارايدۇ. ئۇلار ياللىغۇچىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغان پۇرسىتىدىن تولۇق پايدىلىنىدۇ. ئۆز ئابرۇيى، نامى، ئەخلاقىنىڭ نېمە بولغانلىقى بىلەنمۇ كارى بولمايدۇ. ھازىر زاۋۇت خوجايىنلىرى ۋە سودا ساھە-



سىدىكى ئۇلۇغلارنىڭ ئادەمنى جەلپ قىلغۇدەك تۆرقى، ساپاسى يوق. ناۋادا ئۇلاردا ئاقسۆڭەكلەرگە ئوخشاش ئالىيجاناب نەزەر ۋە ئېسىل تۆرق بولسا، سوتسىيالىستىك ئاممىۋى ھەرىكەتلەر يۈز بەرمەس بولۇشى مۇمكىن ئىدى. چۈنكى ئامما تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا قۇللۇققا يول قويىدىغان خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ ئۇلارنىڭ بېشىدا يۈرگەن كىشىلەر ئۆزىنىڭ تۇغما ئالىيجاناب، بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى ئالىيجاناب ئۇسۇل بىلەن ئىسپاتلىيالىسا، تەقدىرگە تەن بېرەتتى. چۈنكى ئالىيجانابلىقنىڭ خالىغانچە ئويدۇرۇپ چىقارغىلى بولمىدىغان مىجەز ئەمەسلىكىنى ئەڭ ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا ئۇلار يىللارنىڭ تاۋلىنىشىدىن ئۆتكەن ئالىيجانابلىق ئىچىدە بارلىققا كەلگەن بۇ مېۋىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى.

لېكىن زاۋۇت خوجايىنلىرىدا بۇنداق ئېسىلزادە تۆرق كەم. سېسىق نامى ئالەمگە پۇركەتكەن. بۇ خىل ھالەت بىلەن كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا «بىر ئادەمنىڭ باشقىلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈشى ئەسلىدە پۈتۈنلەي تاسادىپىي كەلگەن بەخت ۋە تەلەي ئىكەن. ئۇنداقتا بىز ئاددىي ئادەملەرمۇ تەلىيىمىزنى سىناپ كۆرسەك نېمىسى يامان ئىكەن. قېنى قەددىمىزنى تىكلەيلى» دېگەن ئوي پەيدا بولىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ سوتسىيالىزم ھەرىكىتى باشلىنىپ كېتىدۇ.



# خىزمەت ۋە بىكار تەلەپلىك

مەدەنىيەتلىك دۆلەتتە ھەممە ئادەم پۇل تېپىش ئۈچۈن خىزمەت ئىزدەيدۇ. بۇ يەردە خىزمەت مەقسەت ئەمەس ۋاستە، شۇڭا كىشىلەر خىزمەت ئۆزىگە يۇقىرى ئىش ھەققى بېرەلىسىلا ئۇنى تاللاپ يۈرمەيدۇ.

ئۆلىسىمۇ ئىش قىلىشنى خالىمايدىغان كىشىلەر بارغانسېرى ئاز قىلىنىۋاتىدۇ، لېكىن بەزىلەر بار، ئۇلار ئوڭاي قانائەت تاپمايدىغان چاتاقچىلاردۇر. ئۇلار ھەققىنىڭ يۇقىرىلىقىغا ئەمەس، خىزمەتنىڭ دىتىغا يېقىش - ياقماسلىقىغا دىققەت قىلىدۇ. ھەر خىل شەكىلدىكى سەنئەتكار بىلەن جىمجىت كۆزەتكۈچىلەر دەل شۇ خىلدىكى غەيرىي ئادەملەردۇر، بۇنداق ئادەملەر ئۆمرىنى ئوۋ ئوۋلاش، ساياھەت.، تەۋەككۈلچىلىك، سۆيگۈ سودىسى بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ھۇرۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق كىشىلەر خىزمەت قىلىشنى ئويلايدۇ، لېكىن خىزمەت ئۇلارنىڭ قىزىقىشىغا ماس كېلىشى كېرەك. ناۋادا شۇنداق بولسا، ئۇلار ئەڭ خەتەرلىك، ئېغىر، ئالدىراش، جاپالىق خىزمەتلەرنىمۇ قىلىۋېرىدۇ. ناۋادا ئۇنداق بولمىسا، نامراتلىشىپ كەتسىمۇ، يۈزى تۆكۈلسىمۇ، سالامەتلىكى ۋە مەۋجۇتلۇقى كىرىزىسقا ئۇچرىسىمۇ پەرۋا قىلمايدۇ.



ئۇلار بىكارچىلىقتىن زېرىكمەيدۇ، لېكىن ياخشى كۆرمەيدىغان خىزمەتنى قىلىپ سىلىشتىن قورقىدۇ.

مۇتەپەككۇر ۋە ئىجادىي كۈچكە باي تالانت ئىگىلىرى ئۈچۈن بىكارچىلىق روھنىڭ ئارام ئېلىشىدۇر. ئەلۋەتتە بىكارچىلىق ناھايىتى زېرىكىشلىك. روھ ماھىيەتتە بەخت سەپىرى ۋە شادلىق شامىلىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. ياۋروپالىقلارغا قارىغاندا ئاسىيالىقلارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك سۈكۈتكە بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارى بار، بۇ ئۇلارنىڭ ئەۋزەللىكى. ئاسىيالىقلارنىڭ ناركوزىنىڭ ئۈنۈمى ئاستا كۆرۈلىدۇ، شۇڭا ئۇ كىشىلەردىن سەۋر ـ تاقەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ياۋروپالىقلارنىڭ زەھىرى ۋە شارابلىرىغا ئوخشاش ناھايىتى تېز ئۈنۈم بەرمەيدۇ، بۇ خىل ئۈنۈم ئادەمنى ئۈنچە ھۇزۇرلاندۇرۇپ كەتمەيدۇ.



# ئازابقا بولغان تونۇش

ئادەم ۋە دەۋرنىڭ ئازاب، يەنى قەلبىنىڭ ئازابى بىلەن تەننىڭ ئازابىغا بولغان تونۇشى ئوخشاش ئەمەس، بۇ نۇقتا ئادەم بىلەن ئادەمنى، دەۋر بىلەن دەۋرنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى بەلگىسى.

تەننىڭ ئازابىغا نىسبەتەن، تېنىمىز شۇنچىلىك ئاجىز تۇرسىمۇ، بىزدە يېتەرلىك چۈشەنچە بولمىغاچقا، مەن بىلەن قۇرداش كىشىلەر قورقۇنچ ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردىكى ئادەملەرگە قارىغاندا دۆت ۋە خام خىيالغا ئامراق. قورقۇنچ ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقان بولۇپ، كىشىلەر زوراۋانلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراشتىن قورقۇپ ئۆزىنى قوغداشقا مەجبۇر بولغان، ھەتتا زوراۋانغا ئايلىنىپ قالغان. ئەينى چاغدا كىشىلەر تەننىڭ ئازابى بىلەن مەجرۇھلۇققا نىسبەتەن مول تونۇشتا بولۇپ، قەبىھلىكنىڭ دەردىنى تارتىش، ئۆزىنى ئۆزى ئازابتا چىنىقتۇرۇشنى كەم بولسا بولمايدىغان ئۆزىنى قوغداش ئۇسۇلى دەپ قارايتتى. كىشىلەر ئەتراپىدىكىلەرگە ئازابقا چىداش توغرۇلۇق تەربىيە قىلاتتى ھەم باشقىلارغا سالغان ئازابىدىن ھوزۇرلىناتتى، ئۇلار باشقىلارنىڭ تەن شۈركەنگۈدەك دەرىجىدە ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى



كۆرۈپ ئۆزىنى بىخەتەر ھېس قىلاتتى.

قەلبىنىڭ ئازابىغا نىسبەتەن ئادەملەرنى ئازابىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردىمۇ ياكى باشقىلارنىڭ تەسۋىرلىشى ئارقىلىق ئۇقتىمۇ؟ ئازابلىق قىياپەتكە كىردۈۋېلىپ، ئازابنى ئۆزىنى لايىھىلەشتىكى بىرخىل بەلگىگە ئايلاندۇرۇشنى زۆرۈر دەپ قارىدىمۇ؟ ياكى بولمىسا قەلبىدىكى غايەت زور ئازابنى ئىنكار قىلدىمۇ، يا ئۇنى مىسالى چىش ئاغرىقى، ئاشقازان ئاغرىقى دېگەندەك تەن ئازابى كەبى تەن ئالدىمۇ؟ دېگەن نۇقتىدىن كۆزەتتىم.

لېكىن، ھازىر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ماڭا بەرگەن تەسىرى مۇنداق: كىشىلەر بۇ ئىككى خىل ئازابقا نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك چېنىقىشنى باشتىن كەچۈرمىگەچكە، ئۇلارنىڭ ئازابلىنىۋاتقان تۇرقى بەكمۇ غەلىتە ۋە قورقۇنچلۇق، ئاقىۋەت كېلىپ چىققان نەتىجە شۇكى: ھازىرقى ئادەملەر ئۆتمۈشتىكىلەرگە قارىغاندا ئازابقا چىش - تىرنىقىدىن ئۆچ، ئۇلار ئازابنى يەڭگىلى بولمايدۇ، ئازابنىڭ مەۋجۇتلۇقى — مەيلى ئۇ ئۇقۇمدىكى ئازابنىڭ مەۋجۇتلۇقى بولسۇن — چىدىغۇسىز بىر ئىش دەپ قارايدۇ ۋە دۇنيانى ياخشىلىقنى يوقىتىپ قويدى دەپ ئەيىبلەيدۇ، ھەر تۈرلۈك ئۇمىدسىز پەلسەپىلەر قورقۇنچلۇق ئازاب تۇپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى بارلىق قىممەت



قاراشلىرىغا پەيدا بولغان گۇماندىن مەيدانغا كەلگەن. بۇ دەۋرلەردە تۇرمۇشتىكى ئازادلىك، بىكارچىلىق روھ ۋە تەننىڭ كىچىك ئازابى دەپ قارالغان. لېكىن بۇ ئازاب قان پۇراپ تۇرغان ئاپەت يۇلتۇزىغا ئوخشىتىلىپ —ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئازاب پاشىنىڭ چېقىشى كەبى كۈچسىز ، ساقلانغىلى بولمىدىغان ئازابتۇر— كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ئازابقا بولغان تەجرىبىسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئادەتتىكى ئازاب ئۇقۇمى تەكرارلانغۇسىز ئازاب دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېتىلگەن.

ھازىر ئۈمىدسىزلىك پەلسەپىسى ۋە ئازابقا بولغان سەزگۈرلۈكنى داۋالايدىغان رېتسېپ بار. مەن ئازابقا بولغان سەزگۈرلۈكنى ھازىرقى زاماننىڭ ئازابى دەپ قارايمەن. لېكىن بۇ رېتسېپ ئاڭلىماققا بەكمۇ قەبىھ تۇيۇلىدۇ. ئازابقا بولغان سەزگۈرلۈك كىشىلەر «مەۋجۇتلۇقنى قەبىھ» دەپ ھېسابلايدىغان كېسەلگە ئوخشايدۇ. ئازابنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلى يەنىلا ئازابتۇر.



## ئىرادە ۋە بويسۇنۇش

بىر ئادەم بىر ياشنى ئېلىپ ئاقىلنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە:

—قاراڭ، بۇ يىگىتنى ئاياللار نابۇت قىلىۋەتتى! — دەپتۇ. ئاقىل كۆلگەچ بېشىنى چايقاپ:

—ئەرلەرلا ئاياللارنى نابۇت قىلالايدۇ. ئاياللاردىكى كەم نەرسىلەرنى ئەرلەر تېنىدىن ئېلىپ تولۇقلاش، ئۆزگەرتىش مۇمكىن، چۈنكى ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئوبرازىنى ئۆزى ئۆچۈن لايىھىلەپ چىققان. ئاياللار مۇشۇ ئوبرازغا ئاساسەن ئۆزىنى لايىھىلىگەن، — دېدى.

—سىز ئاياللارغا نىسبەتەن بەك رەھىمدىلكەنسىز، — دېدى بىر تاماشا كۆرگۈچى، — سىز ئۇلارنى چۈشەنمەيدىكەنسىز.

ئاقىل جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى:

—ئەرلەرنىڭ ماھىيىتى ئىرادە، ئاياللارنىڭ ماھىيىتى بويسۇنۇش. بۇ ئىككى جىنسنىڭ قانۇنىيىتى، لىللا گەپ قىلغاندا، بۇ ئاياللارغا بەكمۇ رەھىمسىز قانۇنىيەت. بۇ خىل مەۋجۇدىيەتكە نىسبەتەن ھەممە ئادەم گۇناھسىز. ئاياللارمۇ گۇناھسىز. لېكىن قېنى كىم ئاياللارغا تەسەللى بېرىپ ئۇلارنى ئەپۇ

قىلىدۇ؟

—تەسەللى بېرىش، ئەپۇ قىلىش دېگەن نېمە؟

—ئادەم توپىدىن بىرەيلەن ۋارقىرىدى، — ئاياللارنى تېخىمۇ ياخشى ئۆزگەرتىش كېرەك.

—ئەرلەرنى ئۆزگەرتىش كېرەك، — دېدى ئا- قىل ۋە ھېلىقى ياشنى كەينىمدىن ماڭ دەپ ئىشارە قىلدى. لېكىن ھېلىقى ياش ئورنىدىن قوزغالمىدى.



# ئاياللارنىڭ پاكلىقى ھەققىدە

ئاياللارغا بېرىلگەن تەربىيە ئىچىدە غەلىتە ئىشلار بەك تولا، ھەتتا شۇنىڭدەك زىددىيەتلىك ئىشلارنى تاپماق بەكمۇ تەس بولۇشى مۇمكىن.

ھەممە كىشى ئاياللارغا جىنسىي مۇھەببەت تەربىيىسى بېرىشكە قوشۇلىدۇ، بۇنداق قىلىشنىڭ مەقسىتى ئۇلارغا بۇ جەھەتتە ھېچنېمە بىلدۈرمەسلىك، ئۇيالدۇرۇش. جىنسىيەت تىلغا ئېلىنسىلا، ئۇلار موللا مۇشۇك بولۇپ كېتىشىدۇ. قىسقىسى، ئاياللارنىڭ بارلىق ئابرۇيى مۇشۇ مەسىلىگە مۇناسىۋەتلىك، ئۇلارنى يامان ئۆگىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ!

ئۇلار جىنسىيەت ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەسلىكى، بۇ يامان ئىشنى كۆرمەسلىكى، ئاڭلىماسلىقى، بۇ ھەقتە سۆزلىمەسلىكى، خىيال قىلماسلىقى كېرەك. جىنسىي مۇھەببەتنى چۈشىنىپ قېلىش «چوڭ گۇناھ».

لېكىن ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن، «جىنسىي مۇھەببەت» مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ، زىددىيەت ئاشكارىلىنىپ، بېشىدا چاقماق چاقىدۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرىدىغان، ھۆرمەتلەيدىغان جۈپتى بار. سۆيگۈ ھەۋەسى بىلەن نومۇس قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى



قەلب زىددىيەتتىمۇ مەۋجۇت، خۇشاللىق، تەقدىم قىلىش، مەجبۇرىيەت، ھېسداشلىق ئۇلارنىڭ قەلبىدە خۇدا ۋە يىرتقۇچ ھايۋان بىلەن بىرگە بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. بۇ تۇيغۇلارنى تېتىپ بېقىشقا، ھېس قىلىشقا مەجبۇرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلبىدە بىر قىيىن سوئال پەيدا بولىدۇ. ئاياللارنىڭ بۇ خىل تېپىشماقتەك جاۋاب ۋە جاۋابىنىڭ تېپىشمىقىغا قانداق تاقابىل تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇ ئىشلارنىڭ ئۇلارنىڭ قەلبىدە قانچىلىك گۇمان ۋە ۋەھىمە پەيدا قىلغانلىقىنى، جىنسىي مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ئىشتا قانداق كۆزقاراشقا كەلگەنلىكىنى ئەڭ ئاقىل كىشىلەرمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. ئۇلار تويدىن كېيىن ئۆزگەرمەيدۇ. ئاۋۋالقىدەك سۇكۇتكە پاتقان، كۆزىنى يۇمۇۋالغان بولىدۇ.

ياش ئاياللار ئامالىنىڭ بارىچە بۇ ھەقتە بىلىمى ۋە ئىدىيىسىنىڭ يوقلۇقىنى ئاشكارىلاپ تۇرىدۇ، قۇۋراقلىرى قېلىن بولۇۋالىدۇ؛ ئېرىنىڭ نىكاھ ھەققىدىكى سوئاللىرىنى چۈشىنىپ، پەرزەنتى ئارقىلىق ئۆزىنى ئاقلايدۇ. ئاياللار بالىغا موھتاج، ئېرىگىمۇ موھتاج.

قىسقىسى، كىشىلەرنىڭ ئاياللارغا قويغان تەلىپى بەكمۇ قاتتىق.



## تۆت خاتالىق

ئادەم ئىزچىل ھالدا ئۆزىنىڭ خاتالىق ئېڭىنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىپ تۇرىدۇ. بىرىنچى، ئۆزىگە قاراپ مۇكەممەل ئەمەسكەنمەن دەپ ئويلايدۇ، ئىككىنچى، ئۆزىگە ساختا خاراكتېر بېرىدۇ، ئۈچىنچى، ھايۋانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىدە ئۆزىنى بىر خاتا جايدا تۇرغاندەك سېزىدۇ، تۆتىنچى، يېڭى بايلىق يارىتىدۇ ۋە بىر مەزگىلگىچە بۇ بايلىقنى مەڭگۈلۈك، زۆرۈر دەپ قارايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بەزى چاغدا بۇ ئارزۇسى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرسا، بەزى چاغدا ئۇ ئارزۇسى ئۈستۈن تۇرىدۇ، ياخشى كۆرگەنلىكى تۇپەيلى بۇ ئارزۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئالىيجاناب دەپ قارايدۇ.

بىز ناۋادا بۇ تۆت خىل خاتالىقنىڭ ئاقىۋىتىنى نەزەرگە ئالمىساق ئىنسانپەرۋەرلىك، ئىنسان خاراكتېرى ۋە ئىنسانىنىڭ ھەق-ھۆرمىتىنى ھەم نەزەرگە ئىلمىغان بولىمىز.



## تاللانغان مىللەت

يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى نۇرغۇن مىللەتلەر ئىچىدىن تاللىنىپ چىققان مىللەت دەپ قارايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەخلاق جەھەتتىكى ئەڭ تالانتلىق كىشىلەر ئىكەن (بۇ خىل تالانت باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا ئادەمنى ئەڭ كەمسىتىدىغان تەبىئىي تالانتتىن نەپ ئالغان). شۇڭا يەھۇدىيلار فرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرى لۇئى XIV نىڭ بولغىنىدىن ئىرادىلەنگەندەك خۇدانىڭ بولغانلىقىدىن ئىرادىگە تولۇشىدۇ.

فرانسىيە ئاقسۆڭەكلىرى پادىشاھنىڭ بۇلاڭچىلىقىغا (ئۆزلىرىنى بولىشىغا) يول قويغانلىقى ئۈچۈن كەمسىتىلگەن. ئۇلار بۇ كەمسىتىشنى سەزمەسلىك ياكى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا موھتاج. بۇ خىل ئۇلۇغلۇق ماھىيەتتە پەقەت ئاقسۆڭەكلەر يېقىنلىشالايدىغان قۇدرەت ۋە ھوقۇقتۇر. ئاقسۆڭەكلەر ئۆزلىرىنى پادىشاھنىڭ ھوقۇقىغا يېقىنلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلۇغ ھېس قىلىشىدۇ. ھەممىنى كەمسىتىدۇ، شۇنداقلا ھاكاۋۇر، خاتىرجەم. شۇڭا ئۇلار ئاڭلىق ھالدا پادىشاھلىق ھوقۇق مۇنارىنى ئېگىزلىتىشكە تىرىشىدۇ. ھەتتا بۇ مۇنارنى ئېگىزلىتىش ئۈچۈن ئۆز ھوقۇقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە كېسەكنىمۇ تەقدىم قىلىدۇ.



# ئۆزىگە ئىشىنىش

ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەملەر كۆپ ئەمەس، ئاشۇ ئاز ساندىكى ئۆزىگە ئىشەنگۈچىلەر ئىچىدە بەزىلەرنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشى قارىغۇلارچە — بۇ بىر خىل پايدىلىق قارىغۇلارچە ئىشىنىشتۇر — ياكى ئىدىيىسىنىڭ تايىنى يوق ئىشىنىشتۇر ( ناۋادا ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئىشەنچىسىنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلىسە ، قانداق تەسىراتتا بۇلارنى بىلگىلى بولمايدۇ) .

يەنە بەزى كىشىلەر مەيلى نېمە ئىش قىلسۇن، يا ياخشى ئىش قىلسۇن، يا يامان ئىش قىلسۇن، ئاۋۋال قەلبىگە يوشۇرۇنغان گۇمانخورلۇقى بىلەن بىر مەيدان جەڭ قىلىدۇ. ئۇلار بۇ جەڭدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ئىشەنچىگە ئېرىشىدۇ . بۇنداق قىلىشقا مەلۇم دەرىجىدە تالانت كېرەك. مۇشۇنداق ئۆزىدىن رازى بولمايدىغان كىشىلەر ئەڭ قالتىس كىشىلەردۇر .



# ئىككى نەپەر بەختلىك ئادەم

تۇرمۇشتىكى ئادەمنى ئەڭ شادلاندۇرىدىغان ئويۇنلارنى ئويناشقا ماھىر بىر ياش بار ئىدى، ئۇ ماھارەت كۆرسەتكەندە، ئەڭ قاقۋاش تاماشىبىنمۇ ھەيران بولماي قالمايتتى. ئۇ ئەڭ خەتەرلىك ئويۇنلارنى ئوينايتتى، لېكىن زادى مەغلۇپ بولمايتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ تاماشىبىن قولىدا ئىلاھىي كۈچ بار، دەپ قاراپ قالىدىغان بۈيۈك مۆزىكانتلارنى ئەسكە ئالاتتى. لېكىن ئۇمۇ ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش خاتالىق سادىر قىلاتتى. لېكىن ماھارەت بەك ئۈستۈن بولغاچقا خەتەر ئىچىدە ئەقىل تېپىش، قولىنى بىرلا مىدىرلىتىپ، تاسادىپىي چىقىپ قالغان خاتالىقىنى يۆگەپ كېتەتتى. ھەتتا بۇ خاتالىققا يېڭى مەنە، يېڭى ئاھاڭ بېرىپ باش تېما ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايتتى!

يۇقىرىقى ئادەمگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇ ھەرقانداق ئىش قىلسا مەغلۇپ بولماي قالمايتتى. شۇڭا ئۇ پات - پات چۈشكۈنلىشىپ تۇراتتى. بەزىدە ھەتتا مەغلۇبىيەت ئۇنى يار گىرۋىكىگە قىستاپ ئەكىلىپ ھالاك قىلغىلى تاس قالاتتى. ناۋادا ئۇنى قۇتۇلۇپ قالدى، دېگەندىمۇ تارتقان زىيىنى بەكمۇ ئېغىر بولاتتى. سىلەر بۇ كىشىنى بەكمۇ بەختسىز



ئادەمكەن دەپ ئويلاپ قالدىڭلارمۇ؟ لېكىن ئۇ بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ ئۈمىد ۋە پىلانلىرىغا بەكمۇ زور ئۈمىد باغلاپ كەتمەسلىك ھەققىدە بىر قارارغا كېلىشۋالغان بولۇپ، «بۇ ئىشتا مەغلۇپ بولسام، ئۇ ئىشتا غەلىبە قىلىشىم مۇمكىن، مېنىڭ مەغلۇبىيەتكە بولغان مىننەتدارلىقىم غەلىبىگە بولغان مىننەتدارلىقىمدىن ئارتۇق. مەن يا تۇغما جاھىل، مۇڭگۈزى بار ئادەممۇيا؟ مېنىڭ تۇرمۇشۇمنىڭ قىممىتى، مۇۋەپپەقىيىتى باشقا بىر يەردە، ئىززەت ئابرۇيۇم ۋە ئازابىممۇ باشقا بىر يەردە، مەن تۇرمۇشتىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالدىم، شۇڭا پات - پات تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ قالغىلى ئاز قېلىپ يۈردۈم، شۇڭلاشقىمۇ مەن تۇرمۇشتىن تاپقان نەرسە ھامان سىلەرنىڭكىدىن كۆپ» دەيتتى ئۆزىگە ئۆزى.



# ھەرىكەت جەريانىدا تاشلىۋېتىش

—بۇنىمۇ قىلما، يولۇڭدىن قايت، ئۆزۈڭنى يەڭ! بۇنداق تەربىيە ئادەمنى بەكمۇ بىزار قىلىدۇ؛ كۆڭلۈمدىكى ئەخلاق مېنى مەلۇم ئىشنى قىلىشقا، ئەتىگەندىن كەچكىچە باشقا ئىشنى ئويلىماسلىققا، باشقا خىيالدا بولماسلىققا پەقەت مۇشۇ ئىشنى تەكرار - تەكرار قىلىشقا، كۆڭۈل قويۇپ، مۇستەقىل مۇشۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا ئۈندەيدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەۋقەدە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئادەم بۇ خىل تۇرمۇشقا تەۋە بولمىغان نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ تاشلىۋېتىدۇ. بۇگۈن بۇنىڭغا قارىسا، ئەتىسى ئۆزى بىلەن خۇشلاشقان نەرسىلەرگە يەرگە چۈشۈپ كېتىۋاتقان غازاڭغا قارىغاندەك قاراپ قويىدۇ، قىلچە ئاغرىنمايدۇ. بەزىدە ھەتتا چۈشۈپ قېلىۋاتقان نەرسىلەرگە قاراپمۇ قويمايدۇ. كۆزى ھامان ئېگىز نىشانغا تىكىلگەن بولىدۇ، ھەتتا يانغا، كەينىگە قاراپمۇ سالمايدۇ. «بىزنىڭ ھەرىكىتىمىز نېمىنى تاشلىۋېتىشىمىزنى بەلگىلەيدۇ. بىز ھەرىكەت جەريانىدا تاشلىۋېتىمىز» مەن بۇ سۆزنى بەكمۇ ياخشى



كۆرىمەن. لېكىن مەن نامرات، ئىنكارچىلىق بىلەن تولغان، ئۆز ماھىيىتى بىلەن ئۆزلۈكىنى ئىنكار قىلىدىغان ئەخلاقا ئانچە ۋاي دەپ كەتمەيمەن.



# ئۆزىگە ئۆزى قىلىش

ئەخلاق ئۇستازلىرى كىشىلەرنى ئامال بار ئۆزىنى تونۇۋېلىشقا ئۈندەيدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە قىچىشقاققا ئوخشايدىغان بىر خىل غەلىتە كېسەلنى يۇقتۇرۇپ قويىدۇ. بۇ خىل كېسەل تەگكەن ئادەم بىر يەرلىرى قىچىشىۋاتقاندەك ئاڭسىز هالدا بىر ئىشلارنى قىلىدۇ. ئادەمگە نىسبەتەن مەيلى قەلبىدىن بولسۇن، مەيلى سىرتتىن بولسۇن ئازدۇرىدىغان، غىدىقلايدىغان نەرسىلەر بەك كۆپ. شۇ سەۋەبتىن غىدىقلانغۇچى تاقىتىنى يوقىتىپ كىرىزىسكە پاتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ توغما تۇيغۇ ئىنتىلىشىدىن گۇمانلىنىپ، ئۆز ماهىيىتىنىڭ ئەركىن قانات قېقىشىغا چەكلىمە قويىدۇ. قوراللىنىپ ئۆزىگە تاقابىل تۇرىدۇ، ئىنتايىن ئۆتكۈر، لېكىن گۇمانخور نەزەر بىلەن ئۆزى ياسىغان قەلئەنى مەڭگۈ قوغدايدۇ.

شۇنداق، ئۇ مۇشۇ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۇلۇغ سانىلار، لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىدۇ. قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇرىدىكى ئەڭ گۈزەل نەرسىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۆزىگە ئۆزى قىلىدۇ. نېمىدېگەن بىچارىلىك. ئۇ ئەسلىدىن ئۆزىگە تەۋە



بولمىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغانلىقى تۇپەيلىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغاچقا، ھېچكىم ئۇنىڭغا نەسەھەتمۇ قىلمايدۇ.



# ئازاب ئىچىدىكى ئەقىل ـ پاراسەت

ئادەم ئازابلانغاندا، شادلانغان چېغىدىكىدەك ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە بولىدۇ. ئازاب ۋە شادلىق ئوخشاشلا ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى ساقلايدىغان ئەڭ مۇھىم كۈچتۇر، ناۋادا بۇ كۈچ بولمىسا ئۇلار ئاللىقاچان ھالاك بولغان بولاتتى. ئازاب ئادەمنى ئازابلايدۇ، لېكىن ئازابنىڭ بۇ تەرىپى ئازابقا قارشى تۇرۇشتىكى دەسمايىگە ئايلىنىپ قالسا بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ دەل ئازابنىڭ ماھىيىتىدۇر.

مەن كاپىتاننىڭ ئازاب ئىچىدە «يەلكەننى چۈشۇرۇڭلار» دېگىنىنى ئاڭلىدىم. بىر باتۇر دېڭىزچى چوقۇم ماتروسلىرىنى ھەر خىل شەكىلدە يەلكەن يىغدۇرۇپ ۋە مەشىق قىلدۇرۇشى زۆرۈر، بولمىسا ئۇنى ئوكياننىڭ رەھىمسىز دولقۇنى شۇ ھامان يۇتۇپ كېتىدۇ. بىز تۇرمۇشتا زېھنىمىزنى ئىسراپ قىلماسلىقىمىز لازىم، قاچان سىگنال كەلسە شۇ ھامان تەييارلىق قىلىپ ئۇلگۇرۇش كېرەك. يامان كۈنلەردە ۋە بوران ـ چاپقۇندا خالىغانچە ئۇچۇرۇلۇپ كېتىشتىن ساقلىنىشىمىز زۆرۈر.

غايەت زور ئازاب يېتىپ كەلگەندە باشقىچە يول تۇتىدىغانلارمۇ بار، ئەلۋەتتە. ئۇلار بوران ـ چاپقۇننى



قېتىغىمۇ ئالمايدۇ. ئۇلار بوران - چاپقۇن ئىچىدە شۇنداق مەردانە، تەبىئىي. توغرا، ئازاب ئۇلارغا ئەڭ بۇيۇك پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلغان. ئۇلار ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئازابقا چىدىيالايدىغان قەھرىمان، ئۇلۇغ كىشىلەر، ئازابقا نىسبەتەن بۇنداق كەم تېپىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس كۆزقارىشى بار. راست، كىشىلەر ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىغا قارشى تۇرماسلىقى كېرەك. ئازاب ئادەم خاراكتېرىنى ساقلايدىغان، ئىلگىرى سۇرىدىغان ئەڭ زور كۇچ. ئەلۋەتتە ئۇلار راھەتكە قارشى تۇرغاندا، ئازابتىن بىزار بولغاندا ئاندىن بۇنداق قۇۋۋەتكە ئىگە بولالايدۇ.



# ئەر - ئاياللارنىڭ مۇھەببەتكە بولغان بىتەرەپلىمە قارىشى

مەن بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمىنى قوبۇل قىلساممۇ بۇ خىل تۈزۈمدىكى نىكاھتا ئەر - ئاياللارنىڭ باراۋەر بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆزقاراشىنى ئېتىراپ قىلمايمەن. بۇ يەردە باراۋەرلىك زادى مەۋجۇت ئەمەس. ئەر - ئايالنىڭ مۇھەببەتكە بولغان چۈشەنچىسى ئوخشاش ئەمەس، ئۇلارنىڭ سۆيگۈدىكى ئالدىنقى شەرتى، بىر تەرەپ يەنە بىر تەرەپنىڭ ھېسسىيات ۋە سۆيگۈگە بولغان كۆزقارىشىنى ئۆزىنىڭ قاراشلىرى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ دەپ تەلەپ قىلماسلىق، پەرقىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش، خالاس.

ئايال كىشىنىڭ سۆيگۈ قارىشىنى ناھايىتى ئوڭاي بىلىۋالغىلى بولىدۇ، ئۇلار روھ ۋە تەن جەھەتتە ئۇزۇل - كېسىل تەقدىم قىلىشنى، بۇ خىل تەقدىم قىلىشتا ھېچقانداق قوشۇمچە شەرت قويماسلىقنى ئويلايدۇ، شۇنداق قىلىشتىن خىجىل بولىدۇ، نومۇس قىلىدۇ. بۇ خىل شەرتسىز تەقدىم قىلىدىغان ئەھۋالدا ئەرنىڭ سۆيگۈ ھەققىدە بىرلا ئەقىدىسى بولىدۇ، يەنى ئايالنىڭ باشقا ئەقىدىسى بولماسلىقى كېرەك. ئەر



كىشى بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، دەرھال شۇ ئايالدىن سۆيگۈگە ئېرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەر بىلەن ئايالنىڭ سۆيگۈدىكى ئالدىنقى شەرتى ئوتتۇرىسىدا بەكمۇ چوڭ ئارىلىقنىڭ بارلىقى بايقىلىدۇ. ناۋادا دۇنيادا ئۆزۈم ئۇزۇل - كېسىل تەقدىم قىلىشىم كېرەك دەپ قارايدىغان ئەر بولسا باشقا گەپ. لېكىن بۇنداق ئەر ھەقىقەتەن مەۋجۇت بولسا، ئۇنى ئەر دېگىلى بولمايدۇ. ناۋادا ئەر ئايالغا ئوخشاش سۆيسە، ئەر كىشى دەرھال قۇلغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئايال كىشى ئايال كىشىگە ئوخشاش سۆيسە، ئايال دەرھال ئەڭ گۈزەل ئايالغا ئايلىنىدۇ.

ئاياللار ئۆز ھوقۇقىدىن شەرتسىز ۋاز كېچىدۇ، لېكىن بۇ خىل ھاياجاننىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئەردە ئۇنداق ھاياجان بولماسلىقى كېرەك، ئۇنداق ۋاز كېچىش ھەم بولماسلىقى كېرەك. ناۋادا ئىككى تەرەپ سۆيگۈ ئۈچۈن ئۆزىدىن ۋاز كەچسە قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقار؟ بوشلۇقتا لەيلەپ قالارمۇ؟ ئايال كىشى ئەر كىشىنىڭ ئۆزىنى ئولجام دەپ قوبۇل قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئىگىلىنىشى ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تەقدىم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۆزىنى قوبۇل قىلىدىغان ئەرنى كۈتىدۇ، بۇ ئەر ھېچقانداق بەدەل تۆلىمەيدۇ، ئەكسىچە بۇ ھال ئەرنى تېخىمۇ ئۆزگىرىشچان قىلىپ تاشلايدۇ. ئايالنىڭ تەقدىم قىلغانلىرى



ئەرنىڭ كۈچ، بايلىق، ئەقىدىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. مەن «ئاياللار تەقدىم قىلىپ، ئەرلەر قوبۇل قىلىدۇ» دېگەن يەكۈندە زىددىيەت بار دەپ ئويلايمەن، لېكىن كىشىلەر ھېچقانداق ئىجتىمائىي كېلىشىمسىز، باراۋەرلىك تەلەپسىز، ياخشى تىلەكلىرى ئارقىلىق بۇ خىل ئەھۋالنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلەكلىرىگە ئۇيغۇن بولسا، زىددىيەتتىن ئىبارەت سوغۇق، قورقۇنچلۇق، چۈشەنمەك تەس، ئەخلاققا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان نەرسە بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، چۈنكى، ھەممە تەرەپتىن ئويلىغاندا مۇھەببەت تۇغما ئىنسان تەبىئىتىدۇر، تۇغما ئىنسان تەبىئىتى ھامان ئەخلاقسىز بولىدۇ.

ئايال كىشىنىڭ سۆيگۈسى ساداقەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ساداقەت سۆيگۈ ئۇقۇمىدىن پەيدا بولغان. ئەرلەر ناھايىتى ئوڭايلا ساداقەتنى سۆيگۈنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدۇ، ھەتتا ئۇنى بىر خىل مىننەتدارلىق، ئالاھىدە قىزىقىش، قەلبىنىڭ يېقىنلىقى دەپ قارايدۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز ئەرنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ماھىيىتى ئەمەس. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئەر كىشىدە سۆيگۈ بىلەن ساداقەت تۇغما قارىمۇقارشى نەرسىدۇر دېگىنى يالغان ئەمەس. ئۇلارنىڭ سۆيگۈسى پەقەتلا ئىگىلەش ئارزۇسى، ھەرگىز تەقدىم قىلىش ۋە ۋاز كېچىش ئەمەس، ئىگىلەش ئارزۇسى ھامان ئىگىلەش



بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىگىلەپ تۇرۇشىنىڭ سۆيگۈنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى ئامىل ئىكەنلىكىنى تەن ئالىدىغانلىرى تولىمۇ ئاز... ئۇ بىر ئايالنىڭ ئۆزىگە «تەقدىم قىلىغۇدەك» ھېچقانداق ياخشى نەرسىلىرىنىڭ يوقلۇقىغا بەكمۇ تەستە ئىشىنىدۇ.



## زاھىت شۇنداق دەيدۇ

كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىش سەنئىتى زىياپەت تەكلىپىنى قوبۇل قىلىش، ئۆزۈڭ ئىشەنمەيدىغان نەرسىلەرنى يېيىش سەنئىتىدۇر. ناۋادا قورسىقىڭ ئاچ ھالدا بارساڭ بۇ ھالەت خېلى ئوڭايلىشىشى مۇمكىن (خۇددى موفىست: «ناچار ئالاقە تويغۇزۇۋېتىدۇ» دېگەندەك). لېكىن كىشى ئاچ قالغاندا ساڭا ھېچقانداق يەردىن تەكلىپ كەلمەيدۇ.

بىرىنچى پرىنسىپ، بىرەر ھادىسىگە ئۇچرىساڭ پۈتۈن كۈچۈڭ ھەم باتۇرلۇق بىلەن ئۇنىڭ ئىچىگە بۆسۈپ كىر، ناچار تۇيغۇلىرىڭنى يۇتۇۋەت. ئىككىنچى پرىنسىپ، ماختاش ئۇسۇلى ئارقىلىق باشقىلارنىڭ كەيپىياتىنى ياخشىلا، مەست قىل ياكى بولمىسا ئۇنىڭ مەلۇم ياخشى ياكى قىزىقارلىق ئالاھىدىلىكىنى تۇتۇپ ئۇنىڭغا ئېسىل، ئۆزۈڭنىڭ گۈزەل ئەخلاقىنى ئاشكارىلاپ باشقىلارنى بويسۇندۇر. ئۈچىنچى پرىنسىپ، ئۇخلىتىۋەت، ئىككى كۆزۈڭ ئالاقە قىلىۋاتقان تەرەپكە بىر ئەينەك كۆنۈپكىغا تىكىلگەندەك تىكىلسۇن، تاكى يا خۇشال بولغىنىنى ياكى زېرىككىنىنى بىلمىگۈچە تىكىلىپ، ئارقىدىن ئۆزىمۇ تۇيماي ئۇخلاپ قالسۇن. مىدىرلىمىسۇن. بۇ



خىل ھالەت نىكاھ ۋە ئائىلىنىڭ ئەڭ زۆرۈر دورىسى،
ئۇنى قانچە ئىشلەتسەڭ كەملىك قىلمايدۇ. ئۇنىڭ
ئىلىمدا تېخى ئېنىق ئېتى يوق. ئادەتتە ئۇنى «چىد-
اش» دەپ قويىمىز.



## ماھىيەتنى ساقلاش

ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە ئەڭ رەزىل تالانتلىق كىشىلەر ئىنسانىيەت تارىخىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئەڭ تۆھپىكار كىشىلەردۇر. ئۇلار كىشىلەرنىڭ مۇگدەپ قالغان ھاياجىنىنى چۇخچىلايدۇ. تەرتىپلىك جەھەتتە ھاياجان مۇگدەش ھالىتىدە تۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ سېلىشتۇرۇش ئېڭىنى، زىددىيەت ئېڭىنى ئويغۇتىدۇ. كىشىلەرنى يېڭى شەيئىلەرنى بىلىشكە، تەجرىبە قىلىنمىغان، تەۋەككۇلگە ئېھتىياجلىق شەيئىلەرگە قىزىقتۇرىدۇ. ھەر خىل كۆزقاراش، ئۇلگىلەرنى سېلىشتۇرۇشقا مەجبۇرلايدۇ. بۇ خىل ھالەت دائىم قورال ئىشلىتىشنى، چېگرالارنى پاچاقلاپ تاشلاپ، مۆمىنلىكنىڭ كۆلكىسىنى كۆككە سورۇپ، ھەتتا بەزىدە يېڭى دىن، يېڭى ئەخلاقنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇپ قالىدۇ.

ئوخشاش رەزىللىك يېڭى شەيئىلەرنىڭ ئۇستازلىرى ۋە تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ. ئۇ بويسۇندۇرغۇچىنىڭ ئابرۇيىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ. ئۇ ناۋادا سەل ئالىيجانابراق كۆرۈنۈشكە تىرىشسا دەرھال ھەرىكەت قىلمايدۇ. يامان نام پەيدا قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ. مەيلى نېمە بولسۇن



يېڭى نەرسىلەر ھامان رەزىل، بويسۇندۇرۇشقا خۇشتار، يېڭى - كونا دۇنيا چېگرىسى ۋە مۇستەملىكىنى پاچاقلاپ تاشلاشقا ھېرىس كېلىدۇ. پەقەت كونا شەيئىلەرلا ياخشى. ھەربىر دەۋردىكى ياخشى كىشىلەر كونا ئىدىيىگە بەكمۇ چىڭ ئېسىلىۋالىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىدىيىنىڭ مېۋىلىرىگە ئېرىشىدۇ. ئۇلار ئىدىيىنىڭ دېھقانلىرىدۇر. ئۇلار ھەربىر پارچە يەردىن تولۇق پايدىلىنىدۇ. بىراق رەزىللىك «سوقىسى» ھامان كەلمەي قالمايدۇ.

ھازىر ئەنگلىيىدە بىر خىل قارشى ئېلىنىۋاتقان، لېكىن پۇتۇنلەي خاتا ئەخلاق نەزەرىيىسى پەيدا بولدى. بۇ نەزەرىيىنىڭ ياخشىلىق ۋە رەزىللىككە ھۆكۈم قىلىشتىكى ئۆلچىمى «كېرەكلىكمۇ ياكى كېرەكسىزمۇ دېگەن ئىككى سۆزدۇر. ياخشىلىق ماھىيەتنى ساقلىغۇچى دەپ ئاتالسا، رەزىللىك ماھىيەتنى ۋەيران قىلغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە رەزىللىكنىڭ ماھىيىتى بىلەن ياخشىلىقنىڭ ماھىيىتى ئوخشاش، ھەم كېرەكلىك، ھەم ماھىيەتنى ساقلايدۇ، زادى كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ رولى ئوخشاش ئەمەس، خالاس.



## ھەيرانلىقىمىز

ئۆزىمىزگە بەرگەن باھالىرىمىز تۇراقلىق ئەمەس. ھەر خىل خام خىياللارنى قىلىشنى ياخشى كۆرىمىز. ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ بارلىق قانۇنىيەتكە ۋە ئۇقۇملارنىڭ توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىمىز. بۇ ئەھۋال بىزنى ھەيران قالدۇرماي قالمايدۇ.

ئىلگىرى كىشىلەر ئىنساننىڭ ھەممە نەرسىسىنىڭ ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئۇقمايتتى. ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت ئادەمنىڭ قەلبىگە مەنسۇپ بولغان ئۆزگەرمەس نەرسە دەپ قارايتتى. شۇ چاغلاردا چۆچەك ۋە پەرىلەر ھەققىدە ھېكايە سۆزلەنسە كىشىلەر ھەيران قېلىشى مۇمكىن ئىدى. كىشىلەر قانۇنىيەت ۋە مەڭگۈلۈك بولۇشتىن زېرىكىشتى، سىرلىق ئىشلار ئۇلارنى شاتلاندۇرىدىغان بولدى. «بىر نۆۋەت يەردىن ئايرىلىپ، كۆكتە پەرۋاز قىلىپ باقايلى، ئېزىقىپ باقايلى، ساراڭ بولايلى» دېگەن ئويلار قەدىمكى ئادەملەرنىڭ خام خىيالىدىكى جەننەتكە خاس بولغان بەخت ئىدى. لېكىن بىزنىڭ بەختىمىز دېڭىزدا ھادىسىگە ئۇچراپ، قايتىدىن قىرغاققا چىقىپ، قەدىمكى ۋە مەزمۇت تۇپراقتا ئۆرە تۇرغان بەختتۇر.



# كەڭ قوْرساقلىق ۋە باشقىلار

تۇرمۇشتا قارىماققا زىددىيەتلىك كۆرۈنىدىغان مۇنداق ئىشلار ئۇچراپ تۇرىدۇ، مەسىلەن، كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى بىر ئادەم تۇيۇقسىز جىمىغۇرلىشىپ قالىدۇ. رەتلىك ئادەم تۇيۇقسىز يۇمۇرلۇق بولۇپ قالىدۇ. مەلۇم كىشى تۇيۇقسىز قىساس ئېلىش نىيىتىدىن يانىدۇ. ياكى ھەسەت قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنى قانائەتكە ئېرىشتۈرىدۇ. بۇ خىل ھالەت غايەت زور ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە، شۇنداقلا تۇيۇقسىز رازى بولۇپ يەنە تۇيۇقسىز زېرىكىدىغان ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدا تولا يۈز بېرىدۇ.

ئۇلار ناھايىتى تېز قانائەتلەنسە، يەنە شۇنداق تېز ۋە كۈچلۈك بىزار بولىدۇ. ھېسسىيات ئەڭ قىزغىن ھالەتكە يەتكەندە تۇيۇقسىز بەزىلەر جىمىپ قالىدۇ. يەنە بەزىلەر قاقاقلاپ كۈلىدۇ. بەزىلەر ئەلەمدىن ياش تۆكىدۇ، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالىدۇ. شۇڭا نۇرغۇن ئادەملەر كەڭ قورساقلىق قىلىش كېرەك، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئادەمگە چوڭقۇر تەسىر بېرىدىغان، قىساس ئېلىش ئارزۇسى كۈچلۈك ئادەملەرگە كەڭ قورساقلىق قىلىش كېرەك. ئۇلار ئۆيىدە ھاراق ئىچكەن چاغدىكىگە ئوخشاش بىرلا قېتىمدا ھەممىنى



ئىچىۋەتكەندەك ئۆزىدىن رازى بولىسىمۇ، دەرھال بىزار بولۇشقا باشلايدۇ. ئۇلار ئۆزىدىن ھالقىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ كىشىلەر دېيىشىۋاتقاندەك دۈشمىنىنى ئەپۇ قىلىدۇ، ھەتتا ئۇلارغا بەخت تىلەيدۇ، ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق ئۆزىنى دەپسەندە قىلىدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇلار ھازىرلا قىساس ئوتىدا يېنى-ۋاتاتتى. مەقسىتى نەپرەتكە يول قويۇش ئىدى، دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى نەپرەت ئۆلدى. گويا ئۇلار ھازىرلا خىيالىدا قىساس ئېلىش ئارزۇسىنى ئۆلتۈر-گەندەك، ھازىر نەپرىتىنى بىرلا يۇتۇپ يوق قىلىپ تاشلىدى.

كەڭ قورساق شەخسىيەتچىلىك بىلەن قىساس-نىڭ شەخسىيەتچىلىكى ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە زور پەرق مەۋجۇت.



# ئادەمنى ئالىيجاناب قىلىدىغان نەرسىلەر زادى نېمە؟

ئادەمنى قانداق نەرسە ئالىيجاناب قىلىدۇ؟ ئەلۋەتتە باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بېرىش ئەمەس. شاللاق كىشىلەرمۇ قۇربان بېرەلەيدۇ. شەخسىيەتسىز ھالدا باشقىلارغا ئىش قىلىپ بېرىشمۇ ئەمەس، بەلكىم ئەڭ ئالىيجاناب كىشىلەر دەل ئەڭ شەخسىيەتچى كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن.

ئۇنداقتا كىشىنى ئالىيجاناب قىلىدىغان نەرسە، ئالىيجاناب كىشىلەرنى پەيدا قىلىدىغان، ئۆزلىرى سەزمىگەن ئالاھىدە ھاياجاندۇر. ئۇ كەم كۆرۈلىدىغان ئالاھىدە ئۆلچەمگە، سارائڭغا ئوخشاش مىجەزگە ئىگە. ئۇ كۆپچىلىك پەرۋا قىلمىغان شەيئىلەرگە كۆيۈپ-پىشىدۇ. ئۇ ھېچقانداق ئۆلچىگۈچ ئۆلچىيەلمىگەن، ئۆلچەش مۇمكىن بولمىغان قىممەتنى تونۇيالايدۇ. دەل ئۇ نام چىقىرىشنى خالىمىغان قەھرىمانلار ۋە ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ قانائەتچانلىقىنى نامسىز ئىلاھلارغا نەزىر قىلىۋېتىدۇ. قىسقىسى، ھازىرغاقەدەر كەم كۆرۈلگەن نەرسىلەر، بۇ نەرسىلەرگە بولغان بىلىمسىلىك كىشىلەرنى ئالىيجاناب قىلىپ ئۆزگەرتىدۇ. چوقۇم مەلۇم ئادەملەر مۇنداق ئويغا كېلىشى مۇمكىن.



بۇ پرىنسىپ بويىچە بارلىق ئومۇملاشقان، تونۇش، كۆپ ئۇچرايدىغان نەرسىلەر، شۇنداقلا نۇرغۇن ئىشتا شۇنىڭغا تايىنىپ ئۆز ماھىيىتىنى ساقلاۋاتقان نەرسىلەر ھازىرغا قەدەر ئادىل باھاغا ئېرىشمەي تۆھمەتكە ئۇچرىغان، ئالاھىدە غەيرىي شەيئىلەرلا پايدا ئالغان بولمامدۇ؟ ئۇلار ئەڭ ئومۇملاشقان ئاقلاش ئۇسۇلى قوللاندى. بۇ بەلكىم كىشىلەرنىڭ ئالىيجاناب ئاڭنى ئىپادىلەشتىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۇسۇلى ۋە ئاقىللىقى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.



# ھۆرمەتلەشنى ئۆگىنىش

ئادەمنىڭ كەمسىتىشنى ئۆگىنىشى زۆرۈر بولغاندەك ھۆرمەتلەشنى ئۆگىنىۋېلىشىمۇ زۆرۈر. ئادەتتە يېڭى تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويغان ھەم نۇرغۇن ئادەمنى شۇ يولغا باشلاپ كەلگەن ئادەم ھەيرانلىق بىلەن ئۆزى يېڭى تۇرمۇش يولىغا باشلاپ كەلگەن ئادەملەرنىڭ رەھمەت ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگەندە، نەقەدەر كالۋالىشىپ كېتىدىغانلىقىنى بايقايدۇ. ھەتتا ئەڭ ئاددىي ھالدىكى رەھمەتنى ئىپادىلىگۈچى ئىقتىدارىنىڭمۇ يوقلۇقىنى بايقايدۇ. ئۇلار ھەر قېتىم سۆزلىمەكچى بولغاندا، گېلىغا سۆڭەك تۇرۇپ قالغاندەك بولۇپ قالىدۇ.

مۇتەپەككۇر ئۆز ئىدىيىسىدىن پەيدا بولغان تەسىرىنى، ئىدىيىسى ئۆزگەرتكەن ۋە تىترەتكەن ئادەملەرنىڭ كۆچىنى سەزگەندە بۇ خىل تەسىرات شەكلىنىڭ بەكمۇ كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. لېكىن ئۇ قەلبىدە، تەسىرىگە ئۇچرىغان ئادەملەرنىڭ قەلبىنىڭ جاراھەتلىنىشىدىن، ئۇلارنىڭ نامۇۋاپىق ئىپادىلەش ۋاستىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل روھىغا تەھدىت سېلىشىدىن ئەنسىرەش تۇيغۇسى ھۆكۈم سۈرىدۇ. بىر خىل ئەدەپلىك تەشەككۈر بىلدۈرۈش



ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن توپتوغرا بىر دەۋر كىر-
شىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى لازىم. بۇ دەۋر ئىدىيە ۋە
تالانتقا ئوخشاش ئامىللارنىڭ تەشەككۈر ھېسسىياتىغا
يۇغۇرۇلۇش نەتىجىسىدە يېتىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا
رەھمەتنى قوبۇل قىلىدىغان ئۇلۇغ ئادەم پەيدا بولىدۇ.
ئۇ ئۆزى قىلغان ياخشى ئىشلار تۇپەيلىدىن ئەمەس،
بەلكىم ئەجدادلىرى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى توپلىغان
بۇيۇك ۋە خاسىيەتلىك «گۆھەر» تەرىپىدىن قەدىر-
لەشكە، رەھمەتكە ئېرىشىدۇ.



# ئاممىنىڭ بىۋاستە سەزگۈسى

بىز قەيەردە، قانداق ئەخلاق شەكلىگە دۇچ كې-
لىشتىن قەتئىينەزەر كىشىلەرنىڭ ھامان ئادەمنىڭ
ئارزۇ ۋە ھەرىكىتىنى باھالاپ دەرىجىگە
ئايرىدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر توپ
ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇلارغا
نېمە پايدىلىق بولسا، شۇ نەرسە ئەۋزەل ئورۇندا تۇرىدۇ.
بۇ ھەرقانداق شەخسنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىممەت ئۆل-
چىمى، ئەخلاقنىڭ يېتەكچىسى. شەخسىي قىممەت
ئاممىۋى ئىقتىدارنىڭ تەركىبىگە ئايلىنىمەن دەيدى-
كەن ئۇنىڭ ئىچىدە بولۇش كېرەك.

ئاما تۇپىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن،
ئۇلارنىڭ ئەخلاقىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھازىر نۇرغۇن
خەلق، دۆلەتلەر جىددىي ئۆزگىرىش گىرۋىكىدە تۇ-
رۇۋاتىدۇ. پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، بۇنىڭدىن كې-
يىن تېخىمۇ غەيرىي ئەخلاقلار مەيدانغا كەلمەي قال-
مايدۇ. چۈنكى ئەخلاق يەنىلا ئاممىنىڭ بىۋاستە
تۇيغۇسىدۇر.



## ياخشى نىيەت

بىر ھۆجەيرە يەنە بىر كۆچلۈك بىر ھۆجەيرىنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتسە، بۇ گۈزەل ئەخلاقمۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق. كۆچلۈك ھۆجەيرە ئاجىز ھۆجەيرىنى قوشۇۋالدى؟ بۇ رەزىللىكمۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق. چۈنكى يېتەرلىك تولۇقلاشقا موھتاج. شۇنداق قىلغاندا قايتا تۇغۇلالايدۇ. شۇڭا بىر كۆچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلارنىڭ ياخشى نىيىتىنى يۇتۇپ كېتىش تەبىئىتى ۋە قوشۇلۇپ كېتىش تەبىئىتى ئارقىلىق پەرقلەندۇرۇشكە مەجبۇر.

ھەممىشە باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كۆچلۈكلەرنىڭ قەلبى شادلىق ۋە ئاچ كۆزلۈك بىلەن، كۆچلۈكلەرگە قوشۇلۇپ كېتىشكە رازى ئاجىزلارنىڭ قەلبى شادلىق ۋە بېسىۋېلىنىشقا ئامراقلىق تۇيغۇسى بىلەن تولغان.

ئاجىزلارغا ھېسداشلىق قىلىش بىرىنچى مۇھىم ۋەزىپە. ھېسداشلىق ماھىيەتتە تارتىۋېلىش تۇيغۇسىدىن كېلىپ چىققان ھاياجان، ئادەمگە ئەڭ ياقىدىغان ھاياجان. بىز شۇڭا «كۆچلۈك» ۋە «ئاجىز» دېگەن قارىمۇقارشى ئىككى ئاتالغۇ ھەققىدە ئويدان ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك.



# روھىي ساغلاملىق

تېببىي ئىلىمدە «ئەخلاق روھىنىڭ ساغلاملىقىدۇر» دەيدىغان، ئادەمنى سۆيۈندۈرىدىغان فورمۇلا بار. بۇ فورمۇلانى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ئۈچۈن «ئەخلاقىڭىز روھىڭىزنىڭ ساغلاملىقى» دەپ ئۆزگەرتىپ قويساق ھېچقانداق زىيىنى يوق. چۈنكى ساغلاملىق دېگەن نەرسە ماھىيەتتە مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا مەلۇم نەرسىنى ساغلام دەپ ئايرىپ قويماقچى بولغان ئۇرۇنۇشلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ.

تېنىڭىزنىڭ ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۈچۈن سىزنىڭ مەقسىتىڭىز، نەزەر دائىرىڭىز، زېھنىڭىز، ھەرىكىتىڭىز، خاتالىقىڭىز، شۇنداقلا غايىڭىز، تەسەۋۋۇرىڭىزغا نەزەر سېلىپ بېقىش كېرەك. شۇڭا ساغلاملىقنىڭ ھەر خىل شەكىللىرىنىڭ بارلىقى بىر خىل مۇقەررەرلىك. ئادەم بېشىنى قانچە كۆتۈرگەنسېرى «ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش» دېگەن ئەقىدىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەركىم (تېۋىپ)لار ۋاز كېچىشكە تېگىشلىك نورمال ساغلاملىق ئۇقۇمى، كېسەللەرنىڭ نورمال تاماقلىنىشى، نورمال كېسەل جەريانى دېگەندەك ئاتالغۇلار بارغانسېرى كۆپىيىدۇ. ئاندىن



روھىي ساغلاملىق بىلەن كېسەلنى ھەربىر كىشىنىڭ ئەخلاقى بىلەن ساغلاملىقىنى بىرلەشتۈرۈپ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلغىلى بولىدۇ.

تەبىئىيكى، بۇ ئەھۋالدا مەلۇم ئادەم مەلۇم نۇقتىدا ساغلام بولغان بىلەن يەنە بىر ئادەم شۇ نۇقتىدا كېسەل چىقىشى مۇمكىن.

بۇ تېخى مەسىلىنىڭ ھەل بولغانلىقى ئەمەس. يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر بار. بىز ساغلام ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىشىمىز كېرەكمۇ؟ بىزنىڭ بىلىش ۋە ئۆزىمىزنى بىلىش ئارزۇيىمىز كېسەل ۋە ساغلام روھقا ئېھتىياجلىقمۇ ئەمەس؟ ساغلاملىققا ئىنتىلىش بىر خىل بىتەرەپلىمىلىك، قورقۇنچاقلىق ياكى ئالىيجاناب ياۋايىلىق ۋە قالاقلىقمۇ قانداق؟



# چەكسىز نەزەر

بىز پاراخوتتا ئولتۇرۇپ قۇرۇقلۇقتىن ئايرىلىپ سەپەرگە چىقتۇق. قۇرۇقلۇق كەينىمىزدە قالدى. ئاستا ـ ئاستا كۆزىمىزدىن يوقالدى. ئېھتىيات قىل پاراخوتۇم، سەن ھازىر دېڭىزدا، دېڭىز تىپتىنچ، ئۇ گويا يىپەك، ئالتۇن چۈشەپ شېرىن ئۇخلاۋاتىدۇ.

لېكىن بىر چاغلار يېتىپ كېلىدۇ، سەن دېڭىزنىڭ نەقەدەر چەكسىزلىكىنى سېزىسەن، چەكسىزلىكىنىڭ بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن.

ئەي بىچارە قۇش، ئۇ ئەركىن بولسىمۇ ئۆزىنى قەپەز تېمىغا ئۇرۇۋاتىدۇ.

سەن قۇرۇقلۇقنى سېغىنىپ پۇچىلانغان چېغىڭدا قۇرۇقلۇقتىكى ئەركىنلىكنىڭ دېڭىزدىكىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن. لېكىن بۇ چاغدا ھەرقانچە قارىساڭمۇ قۇرۇقلۇق كۆرۈنمەيدۇ.



# ئۆلۈم ئۇقۇمى

تۇرمۇشنىڭ كوچا ـ كويلىرى، ھەر خىل ئېھتىياجلىرى، ھەر خىل ئاۋازلار ماڭا بىر خىل غەمكىن خۇشاللىقنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنتتا قانچىلىك راھەت، ئازاب، ئاچ كۆزلۈك يەنە قانچىلىك ئارزۇ ـ مەستخۇشلۇق بارلىققا كېلەر، ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس!

لېكىن غوۋغا قىلىۋاتقان، ھاياتقا قانمىغان بۇ ئادەملەرنى ئانچە يىراق بولمىغان يەردە جىمجىتلىق كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئادەملەرنىڭ كەينىدە ئۆلارنىڭ سايىسى بار. سايە غەمكىن بىر يولداش! بۇ ھالەت يىراققا سەپەرگە چىقماقچى بولغان پاراخوتنىڭ قوزغىلىش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىگە بەكمۇ ئوخشايدۇ. بۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ نۇرغۇن گەپلەرنى دېگۈسى كېلىدۇ. ۋاقىت بەكمۇ قىس، دېڭىز ۋە ئۇنىڭ قاقاس سۈكۈتى غوۋغالار كەينىدە سېنى ساقلاپ تۇرىدۇ، ئۇ ئۆز ئوۋغا نىسبەتەن بەكمۇ ئاچ كۆز، بەكمۇ سالماق، كىشىلەر بۈگۈنگىچە بولغان ھەممە ئىش مەۋھۇم، ئەرزىمەس دەپ قارايدۇ. ھازىر يېتىپ كېلىدىغان كەلگۈسى ئۆلارنىڭ نەزىرىدە ھەممىدە ئۆتمۈشتىن ھازىرغاقەدەر ئىنسان ئۆزىنى شۇنداق



ئالداش ئىچىدە ئۆتۈۋاتىدۇ. ھەممە ئادەم يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان كەلگۈسىنىڭ بىرىنچى ئادىمى بولۇشنى ئويلايدۇ. لېكىن ئۆلۈم ۋە ئۆلۈم جىمجىتلىق كەلگۈسىگە مەنسۇپ بولغان بىردىنبىر نەرسە. ئۇ شۈبھىسىز، كۆپچىلىك يۈزلەنمەي مۇمكىن بولمايدىغان ئەمەلىيەت. لېكىن بۇ بىردىنبىر مۇقەررەرلىك ۋە ئورتاقلىق ئىنسان ئۈچۈن ئەرزىمەس. ئادەملەر بۇنداق تۇيغۇدىن بەكمۇ يىراق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكىنى سەزمەيدۇ. نېمىدېگەن ئەجەبلىنەرلىك - ھە!

ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمگە قاراپ غەم-ئەندىشىسىز مېڭىشى، مېنى چەكسىز خۇشاللىققا چۆمدۈرىدۇ. ئۇلارغا ھايات ھەققىدە تېپەككۇر يۈرگۈزۈشنىڭ ئاجايىپ قىممىتىنى چۈشەندۈرسەم دەپ ئارزۇ قىلىمەن.



# دوستلار

بىز دوست، سەپەرداش، رىئاللىق شۇنداق ئىكەن چۈشىنىكسىز ساختا، گەپ قىلىشقا خىجىل بولغاندەك تۇرۇۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

بىز ئايرىم مەقسەتلىرى ۋە يولى بار ئىككى كىمە، بىز سەپەر جەريانىدا ئۇچرىشىپ قېلىپ، بايرام ئالارنى بىرگە تەبرىكلىشىمىز مۇمكىن ھەم ئاللىقاچان شۇنداق قىلدۇق. شۇندىن كېيىن بۇ ئىككى باتۇر كېمە بىر پورتتا بىر قۇياشنىڭ ئاستىدا جىمجىتقىنە توختايدۇ. گويا ئىككىلىسى نىشانىغا يەتكەندەك!

ھەربىرىمىزنىڭ بۇرچى چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە. ئۇ بىزنى ئوخشىمىغان دېڭىز ۋە يوللارغا گىرىپتار قىلىدۇ. بەلكىم بىز ئەمدى ئۇچرىشالماسمىز. بەلكىم ئۇچراشساقمۇ تونۇشماسمىز. چۈنكى ئۇ چاغدا سەپەر بىزنى ئاللىقاچان ئۆزگەرتىپ تاشلىغان بولىدۇ.

بىزنىڭ ناتونۇش بولۇپ قېلىشىمىز مۇقەررەر، بۇ تەقدىر، شۇڭا بىز تېخىمۇ ھۆرمەتلىشەيلى. بۇنداق قىلىش دوستلۇق ھەققىدىكى ئەسلىمىمىزنى تېخىمۇ بۈيۈك قىلىدۇ. دۇنيادا چەكسىز يوللار مەۋجۇت.



بىزنىڭ يولىمىز ۋە نىشانىمىز شۇلار ئىچىدىكى بىر قىسقا ئارىلىق، خالاس. ئۆزىمىز شۇنداق ئەقىدە پەيدا قىلايلى.

ھايات ئازابلىق ۋە قىسقا، بىزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىمىز چەكلىك ۋە ئاجىز. يۈكسەك دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىن ھالقىپ ئۆتەلمەيدۇ. شۇڭا بىز يۇلتۇزلارچە دوستلۇققا ئەقىدە قىلايلى. بۇنداق قىلمىساق دۈشمەنلىشىپ قالمايمىز دېيەلمەيمىز.



# ئۆزگەرمەس نام ـ ئابرۇي

ئۆزگەرمەس نام ـ ئابرۇي بەكمۇ كېرەكلىك نەرسىدۇر. ئاممىۋى تۇغما ئاڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا شەخسكە ئەڭ كېرەكلىك نەرسە ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىشلىرىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتۇر. لېكىن رېئال ئەھۋال ئەسلا ئۇنداق بولمايدۇ. «ئۇنىڭغا ئىشىنىڭلار، ئۇ ئۆزگەرمەيدۇ» دېگەن تەرەپ جەمئىيەت خەتەردە قالغاندا ئەڭ كېرەككە كېلىدىغان ماختاشتۇر. جەمئىيەت بۇنداق ئادەمدىن رازى بولىدۇ ۋە ئۇنى ھەرقاچان ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئەخلاق ساھەسىدىكى ئىشەنچلىك قورال دەپ قارايدۇ. تۆھپە كۆرسىتىشكە ئامراق ئادەم ئىدىيە ۋە ھېسسىيات جەھەتتە ھەرقاچان پايدىلانغىلى بولىدىغان ئىشەنچلىك قورالدۇر. جەمئىيەت «قورال خاراكتېرى»نى ئالغان. ئۆزىگە ساداقەتمەن، جەمئىيەتنىڭ كۆزقارىشىنى ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە تىرىشىپ ئىجرا قىلىدىغان ئادەملەرنى ياخشى كۆرىدۇ. جەمئىيەت ھەتتا پەقەت ئۆزگەرمەسلا ئەڭ ئەخلاقسىز نەرسىلەرنىمۇ قەدىرلەۋېرىدۇ.

بۇ خىل باھالار ۋە ئەخلاق ئادەتلىرى بىرلىشىپ، ھەممە يەردە يامراپ، ئىنسان خاراكتېرىگە يول



باشلاپ، بارلىق ئۆزگىرىش ئىچىدىكى، قايتا مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈر بولغان، ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان خاراكتېرگە ئىگە نەرسىلەرنىڭ نامىنى سېتىۋەتتى. بۇ خىل ئىدىيە شەكلى بىلىم ئۈچۈن بەكمۇ زىيانلىق بولغان باھالاش ئۇسۇلىدۇر. چۈنكى بىلگۈچىلەر ئىنتايىن باتۇرلۇق بىلەن ئۆزىنىڭ كونا قاراشلىرىغا قارشى تۇرالايدۇ. ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئۆزگەرمەس نەرسىلەرگە زادى ئىشەنمەيدىغان ئىرادە تەرىپىدىن بۇ كونا كۆزقاراش يامان دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. شۇڭا بىلگۈچىلەرنىڭ «ئۆزگەرمەيدىغان ئابرۇي كۆزقارىشى»غا قارشى تۇرىدىغان ئىدىيىسىنىڭ ئابرۇيى يوق. «ئۆزگەرمەس ئابرۇي»نىڭ ئابرۇيى بەكمۇ يۇقىرى.

بىز ھازىرمۇ مۇشۇ خىل كۈچنىڭ تەسىرى ئاستىدا ياشاۋاتىمىز. نەچچە مىڭ يىللىق كونا ھۆكۈم ھېلىمۇ ئېگىمىزغا ھۆكۈمران، بۇ نېمە دېگەن يامان كۈنلەر ـ ھە! نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى بىلىم ئىزچىل ناچار كەيپىياتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلۇغ، تالانتلىق ئادەملەر بىلەن تولغان تارىختا ئۇلار ھامان ئۆزىنى كەمسىتىش ۋە يوشۇرۇن ئازابتىن خالىي بولالمىغان — بۇ كۆزقاراش رېئاللىقتىن بەك يىراقلاپ كەتمىدىغۇ دەيمەن...



# سۇنغان نۇر

ئادەمنىڭ ھەممىلا چاغدا باتۇر بولۇپ كېتىشى ناتايىن. ۋۇجۇدىمىزنى بىزارلىق باسقاندا بىزمۇ ھەسرەت بىلەن ئاھ ئۇرماي قالمايمىز.

باشقىلارنى ئازابلاش نەقەدەر قىيىن ئىش، لېكىن شۇنداق قىلماي ئامال يوق. ناۋادا بىز ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يوشۇرۇنۇۋالساق قانچىلىك پايدىسى بولار؟ يەنىلا قايناپ تۇرغان ئادەملەر توپىدا دۆلەتلەر بىلەن دۆلەتلەرچە، ماختانچاقلار بىلەن ماختانچاقلارچە، تەلۋىلەر بىلەن تەلۋىلەرچە ياشىغانغا يەتمەيدۇ. مۇشۇنداق قىلىش تېخىمۇ مۇۋاپىق ئەمەسمۇ؟ مۇشۇنداق ھاكاۋۇرلۇق خاتا ئەمەسمۇ؟ باشقىلارنىڭ ئۆزۈمگە يامان نىيەتتە بولۇۋاتقىنىنى ئاڭلىغان چېغىمدا قانداق تۇيغۇدا بولارمەن؟ نارازى بولارمەنمۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. مەن ھېلىقى ئادەملەرگە «مەن سىلەر بىلەن چىقىشالمايمەن، ھەقىقەت مەن تەرەپتە، سىلەر مېنىڭ قەبرەم ئۈستىگە بەخت بىناسىنى قۇرۇشۇڭلار مۇمكىن. خاتالىق ئۆتكۈزۈش، خىيالغا بېرىلىش، زېرىكىش، گۇمانخورلۇق، يىغلاش، ماختانچاقلىق، زىددىيەت، ھۇۋقۇشتەك يوشۇرۇنۇپ ياشاش، دەل مېنىڭ كەمچىلىكىمدۇر.



كۆلكىلىكمىكەن؟ ئۇنداق بولسا كۆلۈڭلار، يايراڭلار، راست، كەمچىلىك ۋە خاتالىق باشقىلارنى شادلاندۇرىدۇ. مېنىڭ ھەرگىز پىكرىم يوق.

بىر كۈنلىرى «نىسبەتەن گۈزەل» بىر دەۋر كەلسە. كىشىلەر ھەربىر يېڭى ئىدىيىنىڭ ئىگىسى بولۇشقا قىزىقىدۇ ۋە يېڭى ئىدىيىنى ئېلىپ كوچىغا چىقىپ «قاراڭلار، جەننەت ئالدىمىزغا كېلەي دەپ قالدى. مەن ئۇچۇن جەننەت ھېچنېمە ئەمەس. كۆپچىلىك ئۇچۇنمۇ شۇنداق» دەپ ۋارقىرايدۇ. ناۋادا بىز باتۇرراق بولساق، كاللىمىزدا ھەرگىز بۇنداق ئوي پەيدا بولمايدۇ. بىز ھەرگىز بۇنداق ئويلىمايمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر :  قاھار پولات
مەسئۇل كوررېكتور:  رىشىت ۋاھىدى

# جاھاندارچىلىق رىسالىلىرى

## تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت ئابدۇرىشىت بەرقى

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013
تېلېفون نومۇرى: 010—64290862
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى: 2005 - يىل 10 - ئايدا بېيجىڭدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى: 2016 - يىل 3 - ئايدا بېيجىڭدا 4 - قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168م م. 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى: 9.125
باھاسى: 12.00 يۈەن

ISBN 978-7-105-07250-4/C • 120 (维 4)

图书在版编目(CIP)数据

处世书：维吾尔文/（西） 葛拉西安（Gracian, B.）著；阿布来提译一北京：民族出版社，2005.9（2011.3 重印）
ISBN 978-7-105-07250-4

Ⅰ.处…Ⅱ.①葛…②阿…Ⅲ.①人生哲学—维吾尔语（中国少数民族语言）②人际关系学—维吾尔语—（中国少数民族语言）Ⅳ.①B821②C912.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 108454 号

| | |
|---|---|
| 责任编辑： | 卡哈尔·普拉提 |
| 责任校对： | 热西提·瓦依提 |
| 出版发行： | 民族出版社　http://www.mzcbs.com |
| 社　址： | 北京市和平里北街 14 号　邮编：100013 |
| 电　话： | 010-64290862（维文室） |
| 印　刷： | 北京市迪鑫印刷厂 |
| 版　次： | 2005年10月第1版　2016年3月北京第4次印刷 |
| 开　本： | 850×1168 毫米 32 开 |
| 印　张： | 9.125 |
| 定　价： | 12.00 元 |

ISBN 978-7-105-07250-4/C·120（维 4）